# ①تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە

بارتولد (روسىيە)

تەرجىمان

## ئابدۇقادىر ئادىل

ئېلكىتاب تۈزگۈچى ھونزادە



بىرىنچى لېكسىيە

تۈرك مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى ، بولۇپمۇ ئورقۇن مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى (8 ـ ئەسىردىكى ) ھەم ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى توغرىسىدا

ئورقۇن مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىنىڭ بەزى جايلىرىنىڭ تەتقىقاتى يېتەرلىك بولمىغان . مەسىلەن ، كۆلتېگىن (Kul ـ Tègin) نىڭ جەڭ نەتىجىلىرى تەسۋىرلەنگەن بىر ئابزاستا دۈشمەنلەرنىڭ ئۇنىڭغا 100 دىن ئارتۇق ئوقيا ئوقى ئاتقانلىقى ، ئۇنىڭyarikinda yalmasindaغىلا تەگكۈزەلىگەنلىگى تىلغا ئېلىنىدۇ . تومسىن بۇنى «ئۇنىڭ ساۋۇت ھەم (يېپىنچ)ئاي شەكىللىك دوبۇلغىسىغا ئوق تەگكۈزدى»②دەپ يەشكەن . تومسىن بۇ جايدا yalmasinda نى ئىككى سۆز قىلىپ ، يەنى ay (»« almasindaيېپىنچ)ئاي شەكىللىك دوبۇلغا» دەپ يەشكەن (شىر دانىيە تىلىدىن تەرجىمە قىلغان تومسىننىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى تەرجىمە ئەسىرى «موڭغۇل قەدىمقى تۈرك مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىنىڭ تەرجىمىسى ھەم ئۇنىڭغا كىرىش سۆز»گە قارالسۇن.) نۇرغۇن تۈركىي ئەمەل ناملىرى تۈركىيچە ئەمەس) «xad» . خانلىق ئوردا ئەزالىرى ئۈستىگە ئالىدىغان مەلۇم بىر قىسىم رەھبەرنىڭ ئاتىلىشى ) ئىران تىلىدىن كىرگەن بولۇپ ئۇ پارس تىلىدىكى «xah»بىلەن مەنبەداش . گاۋسوت (gauthiot)ئورقۇن ـ يېنسەي يېزىقى سوغدى يېزىقىنىڭ قەدىمكى شەكلىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن ، دەپ قارايدۇ.

مانى دىنى زەردۇش دىنى ئىدىيلىرى بىلەن خرىستىئان دىنى ، بۇددا

دىنى ئەدىيلىرىنى بىر لەشتۈرۈشنى مەقسەد قىلغان.

---

①گېكى شمىن ئەپەندىنىڭ نېمىسچىدىن ئىشلىگەن خەنزۇچە تەرجىمىسىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى.
مەنبە» : بۇلاق» ژۇرنىلى 2003 ـ يىلى 1 ـ سانىدىن
ئىككىنچى لېكسىيە

تۈركىي خەلقلەر ھەم ئۇلارغا يېقىن مىللەتلەر ، شۇنداقلا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق ۋە تىل مۇناسىۋىتى

ياۋروپا ئالىملىرى خەنزۇچە يېزىلغان تارىخىي ماتېرىياللاردىكى «溪» نى ئورقۇن ـ تۈرك يادىكارلىقلىرىدىكى Tatabi بىلەن تەڭ دەپ قارايدۇ . چۈنكى خەنزۇچە يادىكارلىقلاردا كىدان (契丹) ھەم溪دائىم بىرگە تىلغا ئېلىنىدۇ ، ئەمما ئورقۇن يادىكارلىقلىرىدا كىدان بىلەنtatabiدائىم بىرگە تىلغا ئېلىنىدۇ.
پېللىئوت لېنىنگراتتا بەرگەن بىر قېتىملىق دوكلاتىدا خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە بىر سىيانپى تىلى لۇغىتى بارلىقىنى تىلغا ئالغان . مۇشۇ كىتاپقا ئاساسلانغاندا ، سىيانپى تىلى تۈرك تىلى بولۇشى كېرەك . ( شىردىش مۇنداق ئىزاھلىغان : پېللىئوت يېقىندا مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېگەن : مەن سىيانپىلارنىڭ توڭغۇسلار ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن ، بىراق ئۇلارنى چوقۇم تۈرك ياكى موڭغۇل ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيمەن » ،« ئاسىيا ئىلمىي ژۇرنىلىغا

قاراڭ .1934 ـ [224] ،3) A35 .

ئاۋار ( 需需 ) دېگەن بۇ ئىسىم ئورقۇن ئابىدىلىرىدە ئۇچرىمايدۇ ، بەزىلەر ئورقۇن ئابىدىلىرىدە بۇرۇنقى تارىخ بايان قىلىنغاندا بىر قېتىملا ئۇچرايدىغان purum ـ parيۈكى Apar ـ apurmنى مۇشۇ قەبىلە دەپ قارايدۇ . تومسىن ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا تەرجىمە قىلغان ئەسىرىدە بۇ سۆزنى ئىككى مىللەتنىڭ نامى قىلىپ تەرجىمە قىلغان ھەم ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سوراق بەلگىسىنى قوشۇپ قويغان ( شىرىدىش مۇنداق ئىزاھلايدۇ purum : رىمنى كۆرسىتىدۇ ، پېللىئوت بۇنى 1914 ـ يىلى ھەل قىلىپ بولغان ) .( گېلىڭ شىمىن : بۇ خەنزۇچە ئەسەرلەردە拂 « » . ) « 林شامان (Schaman) »مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان Kam سۆزى ئورقۇن ئابىدىلىرىدە ئۇچرىمايدۇ ) يېنسەي ئابىدىلىرىدەTengriدېگەن سۆزدىن باشقاbellدېگەن سۆز بولۇپ ، ئۇ شامان ئېتىقادىدا ئىلاھنى ئىپادىلىگەن.)

ئەرەپ جۇغراپىيەشۇناسلىرى تۈركىي تىلنىڭ ھەر قايسى شېۋىلىرى ( شىمالىي روسىيە يايلىقىدىكى پېچېنەكلەردىن (peiqeneg) تارتىپ جوڭگۇغىچە )ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ ، دەپ كۆرسەتكەن . پەقەت ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى بۇلغارلار (Bulgar) بىلەن خازارلار (Hazar) نىڭ تىلى ئالاھىدە بولۇپ ، باشقا تۈركىي خەلقلەر ئۇلارنىڭ گېپىنى چۈشەنمەيدۇ ، ئۇلارنىڭ تىلى ھەم فىنلارنىڭ تىلىغا ئوخشىمايدۇ . ھازىرقى چۇۋاش (Quwax) تىلىمۇ مۇشۇنداق بولۇپ ، ئۇ تۈركىي تىلغا مەنسۇپ ، بىراق مەيلى تۈركىي خەلقلەر ياكى فىنلار بولسۇن بۇ تىلنى ئۇقمايدۇ .ۋولگا دەرياسىنى بۇلغارلار ۋە

خازارلار ئوخشاشلا Etil دەپ ئاتايدۇ . بۇ سۆزنىڭ چۇۋاش تىلىدا « ئېقىن ، دەريا» دېگەن مەنىسى بار ، شۇڭا تۈركىيشۇناسلار چۇۋاش تىلىنى ئومۇمەن قەدىمكى بۇلغارلار ھەم خازارلار تىلىنىڭ قالدۇقى ، دەپ قارايدۇ.

چۇۋاش تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىلىق ئۇزۇن مەزگىللىك تالاش ـ تارتىش بولغان ، رادلوف چۇۋاش تىلىنى تۈركىي تىل ھەم فىن تىلى تەركىبىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ، دەپ قارىغان . كېيىن باشقا ئالىملار چۇۋاش تىلى باشقا تۈركىي تىل شېۋىلىرى ئاللبۇرۇن يوقاتقان قەدىمقى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى تىل قالدۇقلىرىنى ساقلاپ قالغان ، دەپ قارىدى . ن. پوپپې (N.poppe) مۇ مۇشىنىڭغا ئوخشاش خۇلاسىگە كەلگەن . ئۇ چۇۋاش تىلىنى گەرچە تۈركىي تىل ھەم موڭغۇل تىلىغا ئوخشاش بىر تىل سىستېمىسىغا (ئالتاي تىل سىستېمىسى) مەنسۇپ بولسىمۇ ، بىراق ئۇ تۈركىي تىلمۇ ، موڭغۇل تىلمۇ ئەمەس ، بەلكى ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مۇستەقىل ئۈچىنچى تارماق تىل دەپ قارىغان (« سوۋېت ئىتىپاقى ئاكادېمىيىسى ژورنىلى » 1925 ، 233 ـ 405، ـ بەت .(مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ن. پوپپې تۆۋەندىكى پىكرىنى توغرا تاپقان: چۇۋاش تىلى تۈركىي تىل ، بىراق چۇۋاش تىلى موڭغۇل تىلى ئاللبۇرۇن تۈركىي تىلىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ بولغان دەۋردىكى مۇشۇنداق بىر خىل تەرەققىيات مەزگىلىدىكى تىل قالدۇقى . بىراق ، ھازىر بىزگە مەلۇم بولغان تۈركىي تىللارنىڭ كىتابى تىلى بىلەن دىئالېكتلىرىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى شەكىللىنىپ بولغىنى يوق.

مۇبادا بۇ تىلشۇناسلىقتىن كېلىپ چىققان خۇلاسە پۈت تېرەپ تۇرالىسا ، بۇنىڭ تارىخ تەتقىقاتى ئۈچۈن زور ئەھمىيىتى بار . بۇلغارلار بىلەن خازارلار گەرچە 6 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ ، شۈبھىسىزكى ئۇلار 6 ـ ئەسىردىكى تۈرك خانلىقى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ۋولگا دەرياسى ۋادىسىغا يېتىپ بارغان . يەنە مۇنداق بىر نوقتا ھەم ئېنىقكى : ئۇلار بۇ رايۇندا ھونلارنىڭ ئىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر مىللەتنىڭ زور كۆچۈش ھەركىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . مىلادىيە 2 ـ ئەسىردە ، يەنى( گرتسيە ) جۇغراپىيەشۇناس پتولماۇس (ptoltmaus)دەۋرىدىلا ھونلار ۋولگا دەرياسىدىن يىراق بولمىغان جايلاردا پەيدا بولۇشقا باشلىغان . ئېتىل) (Etil) چۇۋاش تىلى ھەم تۈركىي تىلىدىكى ۋولگا دەرياسىنىڭ ئاتىلىشى ) دېگەن بۇ ئىسىم ئۇ ۋاقىتلاردا تېخى پەيدا بولمىغان ، بىراق يايىق (yayik)دەرياسى ئۇ ۋاقىتلاردا مۇشۇ تۈركىي تىل بىلەن ئاتالغان ئەمما بۇ دەريانىڭ نامى پتولمائۇسنىڭ ئەسەرلىرىدە Daix قىلىپ يېزىلغان . سۆز بېشىدىكى Dنىڭ يەرلىك تىلدا Y غا ئۆزگىرىشى ئېنىقكى، پتولمائۇس دەۋرىدىن كېيىنكى ئىش . 6 ـ ئەسىردىكى ۋىزانتىيىلىكلەر تۈركىي خەلقلەرنىڭ دېپنە مۇراسىمىنى dochia دەپ يازغان . ئەمما ئورقۇن ئابىدىلىرىدە yogh دەپ يېزىلغان . بىراق ، بۇ بىر نوقتا ھازىرقى زامان چۇۋاش تىلىنىڭ فونېتىكا قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ ، چۇۋاش تىلىمۇ (شەرقىي سىبىرىيە)تاقۇت تىلىغا ئوخشاش ، باشقا تۈركىي تىللاردىكى سۆز بېشىدىكىy بولسا s بىلەن ئىپادىلىنىدۇ .(گېلىڭ شىمىن dochia، Daix : دىن ئىبارەت ئىككى قەدىمكى سۆزنىڭ قازاق

تىلدىكى سۆز بېشىدا كېلىدىغان j نىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتى بار .)

ئورقۇن يېزىقى ئوقۇلۇشتىن ئىلگىرى (گېلىك شىمىن: ئورقۇن يېزىقىنى 1893 - يىلى دانىيىلىك تىلشۇناس تومسىن ئەڭ ئاۋال ئوقۇغان ) رادىلوف 6 - 8 - ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەر ئوغۇز قەبىلىسىگە مەنسۇپ دەپ قارىغاندى (رادىلوفنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ»كە يازغان كىرىش سۆزى - 27، بەت). مەڭگۈ تاشلار ئوقۇلغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ كۆز قارشىنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلاندى . ئوغۇز ياكى تۈركىي خەلقلەر ، تۆلەس ، تاردۇش ھەم غەربتىكى تۈركەشلەردىن ئىبارەت بىر قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ . ئوغۇزلاردىن باشقا يەنە تۈركىي خەلقلەرمۇ (بىز ھازىر قوللانغان سۆزنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىسى )بار بولۇپ ، ئۇلار :قارلۇق، ئۇيغۇر ، قىرغىزلاردىن ئىبارەت . بىراق كېيىنكى بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى تۈرك دەپ ئاتىغانلىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ . Turkدېگەن بۇ سۆز ئىسلام دىنى ئەسىرلىرىدە ئۇچرىغاندەك ، بارلىق تۈركىي خەلقلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئاتاش ئۈچۈن قوللىنىلغان . ئەرەبلەر 7 - ، 8 - ئەسىرلەردە ئۆزلىرى بىلەن باردى - كەلدى قىلىشقان تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئوخشاش بىر تىلدا سۆزلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئۇلارنىTurk دەپ ئاتىغان. ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشقا ئەگىشىپ ، تۈركىي قەبىلىلەرمۇ ئۆزلىرىنى شۇنداق ئاتاشقا باشلىغان . گەرچە بارلىق ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركىي مىللەتلەر ھازىرمۇ ئۆزلىرىنى شۇنداق ئاتاپ ھەم شۇ تىلدا سۆزلەشمىسىمۇ ، ئەينى دەۋردە شۇنداق قىلغان . ئىسلام دىنى دائىرىسىنىڭ سىرتىدا تۈرك دېگەن بۇ سۆز

ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلىدۇ . بۇددا دىنى يازما يادىكارلىقلىرى بۇ خىل ئەھۋالدىن مۇستەسنا . بۇددا دىنى يازما يادىكارلىقلىرىدا بۇ تىل Turk_uighur تىلى دەپ ئاتالغان ، (Turk_uighur tili .
رادلوف باسقان قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئالتۇن يارۇق ، II_I ، » سانپېتربۇرگ 1913 ، 5 _ بەت )

خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن باشقا _ 11 ، ئەسىردىكى پارىس تارىخچىسى گەزدىرى بىز ئۇقمايدىغان ، شۇنداقلا تارقالمىغان بىر تارىخىي ماتېرىيالغا ئاساسەن ئوخشاشلا قىرغىزلارنى قىزىل چاچلىق ، ئاق تېرىلىك دېگەنىدى .

ھازىرقى بەزى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئەسلى تۈرك ئەمەس بولۇپ ، ئورقۇن يازما يادىكارلىقلىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاز (Az) لار شۇنىڭ قاتارىدىندۇر . بۇ قەبىلە دائىم قىرغىزلار بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىنغان . بۇرۇن كىشلەر ئۇنىڭ بىر قەبىلە نامى ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلىشاتتى ، مەن باشتىلا بۇ قاراشتا تۇرۇپ كەلگەندىم . تومسىن ھازىرمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلىدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ) ئورخۇن مەڭگۈ تېشى ) ئەڭ ئاخىرقى تەرجىمە ئەسىردە ئىزاھلاپ «كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولمىغان قەبىلە»دېگەن ئىدى . يېنسەي دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىن بايقالغان تورۇخان (Turuhan)ناھىيىسىدىكى روسلار خاتا ھالدا ئاتىغان) yenissei_ostyakيېنسەي _ ئوستياك)ئادەملىرىنىڭ قالدۇقى ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىلەن ئوب (Ob) دەرياسىدا ئولتۇراقلاشقان ( ostyakئوستياك) لار (فىنلاندىنىڭ بىر تارمىقى) مۇناسىۋەتسىز بولۇپ ، ئومۇمەن ئۇلارمۇ ئالتاي سىستېمىسىغا مەنسۇپ ئىدى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ

( Kott) كوتت ياكى (assin) ئاسسىن دەپ ئاتىغان ( بۇ تىلنى 1845 ـ يىلى كاستىرېن (Castren) تەتقىق قىلغان ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئانۇچىنمۇ تەتقىق قىلغان yenissei ـ ostyak (ئادەملىرى ساموييېد (samoyed) ئادەملىرىگە ئوخشاش بىر مەزگىل كەڭ رايونلارنى ئىگىلىگەن بولۇشى ، ئورقۇن يازما يادىكارلىقلىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاز (Az) لارمۇ مۇشۇ قەبىلىگە مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن.

قىرغىزلار ئەينى دەۋردە (ئورقۇن ـ تۈركلىرى دەۋرىدە ) سىياسى مەنىگە ئىگە بولغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئۆز خاقانى بار ئىدى . قەدىمقى ئۇيغۇر ئورقۇن مەڭگۈ تېشىدا ئايرىم جايلاردىلا تىلغا ئېلىنغان ، بىراق شۇبھىسىزكى ئەينى دەۋردە بۇ مىللەت ئاللىبۇرۇن مەۋجۇد ئىدى . قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالى رەھبىرى ئېلتەبىر دەپ ئاتىلاتتى ، قىرغىزلارنىڭكىگە ئوخشاش خاقان دەپ ئاتالمايتتى . ئەينى دەۋردە ئېلتەبىرلىك خەلق (eltebielik budun) ھەم قاغانلىق خەلق (qaqanliq budun) دەپ ئايرىش بار ئىدى . قارلۇقلارنىڭمۇ قاغانى يوق ئىدى.

سوغدى تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئاللىبۇرۇن ئۇيغۇر ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ئىشلىتىلگەن ، شۇنداقلا كېيىن تۈركىي خەلقلەر ھەم موڭغۇللار تەرىپىدىن كەڭ قوللىنىلغان . مەسىلەن قاتۇن (katun) قاتارلىق سۆزلەر. مەڭگۈ تاشتا بىر جايدا سوغدىلارنى تىلغا ئېلىش بىلەن بىرگە ، بىر چېكىر بوقاراقۇلۇس (Berqeker )(bokarakulus ئوقۇلۇشىدا مەسىلە بولۇشى مۇمكىن )لارمۇ تىلغا ئېلىنغان . ماركورت بۇنى «سوغدىلاشقان ئىرانلىق ھەم

بۇخارالىقلار»(«ماركورت «قەدىنقى تۈرك مەڭگۈ تاشلىرى يىلنامىسى تەتقىقاتى» ،32 ـ بەتىنىڭ تۆۋىنىدە ) دەپ تەرجىمە قىلغان . «ئۇلۇس» دېگەن بۇ سۆزنىڭ» خەلق» مەنىسىدە ئىشلىتىلىشى مەڭگۈ تاشتا ئۇچرىمايدۇ (گەرچە ئۇ قەدىمكى دىنىي يازما يادىكارلىقلاردا ئىشلىتىلەن بولىسمۇ ). پارس(parsi) دېگەن بۇ سۆزنىڭ بېرچېكېر (Berqeker) گە ئۆزگىرىشىنى تىلشۇناسلىق نوقتىسىدىن چۈشىندۈرگىلى بولمايدۇ ، بىراق ماركورتنىڭ بۇ خىل چۈشەندۈرۈشى (گەرچە كەينىگە سوراق بەلگىسى قويۇلغان بولىسمۇ ) يەنىلا كىشىلەر تەرىپىدىن قۇبۇل قىلىندى.

شەرقىي ھەم غەربىي تۈركىستان ئەسلىدىنلا تۈركلەرنىڭ ماكانى ئەمەس ئىدى، يەرلىك خەلقنىڭ تۈركىيلىشىش جەريانى بىلەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ (كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن بۇرۇلۇپ )مۇقۇم ئولتۇراقلىششى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك . ئىككى جاي(بۇ جەريان)ئوخشاشلا شەرقتىن غەربكە قاراپ تەرەققىي قىلغان ، نەتىجىسىمۇ ئوخشاش بولغان . شىنجاڭدا ئالدى بىلەن توققۇز ئوغۇز خانلىقى (گېك شىمىن:تۈرك خانلىقىنى كۆرسىتىدۇ ) قۇرۇلغان . قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى يىمرىلگەندىن كېيىن ، زور تۈركۈمدىكى تۈركىي خەلقلەر بۇ زېمىنغا كىرگەن . بالىق(شەھەر)ھەم بەشبالىق دېگەن سۆز ئەڭ بۇرۇن ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ئۇچرايدۇ . 11 ـ ئەسىردىكى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئەسىرى«تۈركىي تىللار دىۋانى» (گېك شىمىن: تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دىۋانى» دېيىلىدۇ) دا بالىق دېگەن سۆزگە «سېغىز توپا»دەپ ئىزاھ بېرىلگەن. شەھەر دېگەن سۆز قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى مەنبە قىلىدۇ. بۇ

خۇددى ئەرەبلەر چارۋىچىلارنى ئەھلال ۋابار(تېرىلىك ئادەملەر )، مۇقىم تۇرالغۇلۇقلارنى ئەھلال مادار(سىغىز توپىلىق ئادەملەر)دەپ باشقۇرغانغا ئوخشايدۇ . ئەينى دەۋردە بەشبالىقتا ئولتۇراقلاشقان تۈركىي خەلقلەر باسمىللار بولۇپ ، ئالدى بىلەن شۇلار مۇقىم ئولتۇراقلىششقا يۈزلەنگەن ھەم ئەسلىدىكى يەرلىك خەلق بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن .شۇڭا ، مەھمۇد كاشغەرى باسمىللارنى ساپ تۈركىي خەلق ئەمەس دەيدۇ

ئۈچىنچى لېكسىيە(ئەسلى كىتاب 41 ـ 58 ـ بەتكىچە(

تۈرك ئوغۇز قاغانى نامدا يېزىلغان ئورقۇن مەڭگۈ تېشىدا خاقان ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەم بولۇپ ، ھەر قانداق تەھدىتتىن خالى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان . بىراق، خاقان ئۆلگەندىن كېيىنكى ئون يىلدا (745ـ يىلى)قەدىمقى ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى . شۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى ، ئوغۇزلارنىڭ غەربىي تارمىقى (غەرب تۈركلىرى)مۇ ئەرەپلەر بىلەن بولغان كۈرەشتە سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكى ھەم خاقاندىن مەھرۇم قالدى.

خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن غەربىي تۈركلەرنىڭ ئون ئۇرۇقتا بۆلۈنىدىغانلىقى ، بەش ئۇرۇقنىڭ ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدا ، بەش ئۇرۇقنىڭ ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا ئىكەنلىكىنى بىلىمىز . بۇ ئورقۇن مەڭگۈ تېشىدا «ئون ئوقلار »دەپ ئاتالغان . بۇلارنىڭ ئىچىدە تۈركەشلەر ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ ، غەربىي تۈركلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قانچە خاقانى مۇشۇ قەبىلىدىن كېلىپ چىققان . ئەرەبلەر ئەينى دەۋردە ئاساسلىقى تۈركلەرنىڭ مەدەنىيەت رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يايلاقتا ئېچكىرلەپ يۈرۈش قىلمىغان . ئەينى دەۋردە

(غەربىي)تۈرك خاقانىنىڭ چېدىرى چۇ دەرياسىدا بولۇپ ، غەربىي تۈرك خاقانىنىڭ ئەرەبلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولىشى ھەم ئۆلۈپ كېتىشى (سىر دەرياسى ) خانلىقىنىڭ يوقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . قالايمىقانچىلىق بىر مەزگىل داۋاملاشتى . 766 ـ يىلى باشقا بىر تۈرك قەبىلىسى ـ قارلۇقلار، تۈرك ئوغۇزلىرىنىڭ چۇ دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى ئورنىنى ئىگىلىدى .

ئەرەبلەر ـ 715 ـ 705 يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇردى . ئەينى دەۋردە قۇتەيبى ئىبنى مۇسلىم خۇراساننىڭ ۋالىيسى ئىدى . ئورقۇن مەڭگۈ تېشىدىن شەرقى تۈرك) خانلىقى) ھەر بىر مەزگىل تۈركەش خانلىقىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەنلىكى ھەم ئەسكەر ئىشلىتىپ تۆمۈر قوۋۇقىغىچە ، يەنى بوزگالا (Buzghala)قوۋۇقىغىچە يېتىپ بارغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ . ئەينى دەۋردە بۇ يەر سوغدى ھەم تۇخارىستاننىڭ چېگرا سىزىقى ئىدى .

پەقەت خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا 745 ـ يىلى موڭغۇلىيەدىكى تۈرك ـ ئوغۇز خانلىقىنىڭ ئورنىنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىگىلىگەنلىكىنى بىلۋالالايمىز . قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئورنىمۇ ئورقۇن دەرياسى ۋادىسىدا ، يەنى كېيىنكى موڭغۇللار قاراقورۇم شەھرىنى قۇرغان جايدا ئىدى . ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇش خارابىلىكى شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇكى ، ئۇنىڭ كۆلىمى موڭغۇللار دەۋرىدىكىگە قارىغاندا ، خىللا چوڭ ئىدى . قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى يۈز يىلغا يېقىن مەۋجۇت بولۇپ تۇردى ، 840 ـ يىلى قىرغىزلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن ، ئۇلار شىنجاڭغا

كېلىپ ئولتۇراقلاشتى ھەم مۇقىم ئولىيۇتاقلاشقان شەھەر تۇرمۇشىغا قەدەم قويدى . شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدا گەرچە مىللەتلەر ئالماشقان بولسىمۇ ، لېكىن بىرىنچى تۇركۇمدە تۇركلەردىن ئولتۇراقلاشقان باسمىللار ئارىسدا شەكىللەنگەن ئەنئەنە داۋاملاشتۇرۇلدى ، ئورقۇن يازما يادىكارلىقلىرىدا باسمىل خانلىقىنىڭ ئاتىلىشى ئىدىقۇت ( مۇقەددەس ، شانۇ شاۋكەتلىك دېگەن مەنىدە ) دەپ تىلغا ئېلىنغان . تۇرك تىلىدىكى «قۇت»دېگەن سۆز ھۆكۇمرانلارغا ئىشلىتىلگەندە ، ياۋرۇپادىكى ماجىستات) ئالىيلىرى) دېگەن مەنىدە ئىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن 13 ـ ئەسىردە بۇ رايۇننىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر خانى «ئىدىقۇت » شەكلىدىكى بۇ بىر نامنى يەنىلا ساقلاپ قالدى .

شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن بىر قىسىم موڭغۇل يايلىقىدىكى تۇرك ئوغۇزلىرى خەنزۇچە تارىخىي ئەسەرلەردە «يايلاق خەلقى» دېگەن مەنىدە شاتۇ دەپ ئاتالدى . تۇركلەرنىڭ بۇ بۆلىكى 9 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا بېشبالىق رايونىنى ئىگىلىگەنىدى ، ئۇنىڭدىن كېيىن غەربتىكى ئوخشاش ئۇرۇقتىكىلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىدا ، يەنى شەرققە كۆچكەن بولىشى مۇمكىن . ئۇلار بۇ جايدا 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جۇڭگونىڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىقىغا پائال قاتنىشىپ ، جۇڭگو پادىشاھىنىڭ خانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىدى ، 10 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىنى ئىگىلىگەن كىچىك خانلىق سۇلالىلەر قاتارىدا شاتۇ خانلىقىمۇ بار ئىدى (ئۈچ شاتۇ خانلىقىغا ئالاقىدا ماتېرىيالنى ساۋەننىڭ «غەربىي تۇرك تارىخىي ماتېرىيالى»غا قاراڭ.)

ـ 9ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنى قىرغىزلار موڭغۇل يايلىقىدىن قوغلىغاندىن كېيىن ، ئۇلار بېشبالىققا كېلىپ شۇ جايدا ئولتۇراقلاشتى . بۇ 860 ـ يىللىرى ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ۋەقە بولۇپ ، ئۇلار بۇ جايدا قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى ، بۇ خانلىق موڭغۇللار دەۋرى 14 ـ ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇردى ، يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار گەنجۇ رايونىغا يېتىپ باردى ، بۇ ئىشتىن ئىلگىرى جۇڭگو بىلەن تىبەتلەر بۇ رايوننى تالىشىۋاتاتتى 11 ـ ئەسىردە تىبەتلەرنىڭ بىر بۆلىكى بولغان تاڭغۇتلار ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن بۇ رايوننى تارتىۋالدى ھەم تاڭغۇت دۆلىتىنى قۇردى ، ئۇلار كېيىن موڭغۇللار تەرىپىدىن يوقىتىلدى ، ئۇ جايدىكى ئۇيغۇرلار گەرچە شۇنىڭدىن باشلاپ سىياسىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىنى قولدىن بېرىپ قويغان بولسىمۇ ، لېكىن تاكى بۈگۈنكىچە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى (گېلىك شىمىن :يۈگۈرۈ< سېرىق ئۇيغۇرلار (<ھەم ئۇلارنىڭ تىلى (بىر خىل قەدىمقى تۈرك تىلى )ساقلىنىپ قالدى ، پەقەت مۇشۇ گەنجۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىلا ئورقۇن يازما يادىكارلىقلىرى ھەم قەدىمكى ئۇيغۇرلار يازما يادىكارلىقلىرىدىكى ساناق ساناش ئۇسۇلى ساقلىنىپ قالغان.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارمۇ قەدىمكى تۈرك ئوغۇزلىرىغا ئوخشاش ، تارىخىي مەڭگۈ تاشلارنى قالدۇرغان ، بىراق ساقلىنىشى مۇكەممەل ، قىممىتى بارلىرى پەقەتلا مەڭگۈ تاشلارنىڭ خەزىنىچە يېزىقىدىكى قىسمى ( گېلىك شىمىن : «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى »نى كۆرسىتىدۇ . ) ئۇنىڭدا خەزىنىچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېيتىلغىنىدەك ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرك ئوغۇزلىرىغا ئوخشاش يەنىلا شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلىقى ،

شۇنداقلا بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە ھەم ئۇچرىمىغانلىقى ، بەلكى ئۇلار غەربتىن كەلگەن دىن – مانى دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ھەققىدە ئىسپات بار . شۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇددا دىنى ھەم نىستورىئان دىنىغا ئوخشاشلا ، مانى دىنى ئالدى بىلەن سوغدىلار ئارىسىدا تارقالدى ، كېيىن بۇ دىن بۇ مىللەتنىڭ سودا جەھەتتىكى پائالىيەتچانلىقى بىلەن دىن سۆپىتىدە تارقالدى خەنزۇچە مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى بىلەن بىللە ( ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىغا بەيئەت قىلغانلىقىغا ئالاقىدار ئەھۋاللار بار ) شۇ يادىكارلىقتا يەنە سوغدىچە يادىكارلىقلارمۇ بايقالدى ) ئەپسۇسلىنارلىقى ئۇ بەكلا بۇزۇلۇپ كەتكەن . ( ئۇ يادىكارلىق ئارقىلىق بىز ئۇيغۇرلارنىڭ سوغدى دىن تارقاتقۇچىلىرى ئارقىلىق مانى دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلەلەيمىز . خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا ، سوغدىلارنىڭ مانى دىنى ئۇستازلىرى سوغدىلار رايونىغا بىۋاستە چارۋىچى ئۇيغۇرلارنىڭ يېنىغا كەلمىگەن ، بەلكى 762 – يىلى ئۇيغۇر قاغانى (گېلك شىمىن : مويۇ قاغاننى كۆرسىتىدۇ ) ئەسكەر باشلاپ جۇڭگونىڭ ئىچكىرىسىدە توپىلاڭنى تىنچىتىشقا ياردەم بەرگەندە ، مانى دىن تارقاتقۇچىلىرى بىلەن ئۇچراشقان ، بۇ غەرب مىللەتلىرىگە نىسپەتەن ئېيتقاندا ، جۇڭگو ھەم كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر بىلەن سودا قىلىشنىڭ ئوخشاشلا مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ . پەقەت جۇڭگونىڭ ئىچكىرى جايلىرىدا ھەم شۇ يەرگە تۇتىشىدىغان سودا يوللىرىدا سودا تۇرالغۇسى قۇرغاندىن كېيىنلا ، سوغدىلار ئاندىن تۈرك كۆچمەن چارۋىچى خەلقى ئۈچۈن زور تەسىر كۆرسىتەلەيتتى . سوغدىلارنىڭ دىن جەھەتتىن تۈركلەرگە

كۆرسەتكەن تەسرىگە نىسپەتەن ئېيتقاندا ، ئۇلارنىڭ تەسرى شىنجاڭدىكى ئەسلىدىكى ھىند ـ ياۋروپا ئاھالىسىگە سىڭىشتۇرغاندا يەنىلا چوڭ ، كۇچا ھەم خوتەندىن بايقالغان قەدىمكى ھىند ـ ياۋروپا تىللىدا ، پەقەت بۇددا دىنى يازما يادىكارلىقلىرىلا بار گېپىڭ شىمىن : كېيىن يەنە قەدىمكى كۇچا تىلىدىكى مانى دىنى يازما يادىكارلىقلىرى بايقالدى ) . ئەمما ، سوغدىچە يازما يادىكارلىقلاردا (بۇ تىلنىڭ ئىشلىتىلگەن جۇغراپىيەلىك ئورۇن دائىرىسىنى تېخى ئېنىق بېكىتكىلى بولمايدۇ ، بەلكىم قەشقەر ھەم شۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەردىمۇ مۇشۇ تىل قوللىنىلغانلىقى بولۇشى مۇمكىن ) بۇددا دىنىدىن باشقا مانىزم دىنى ھەم نىستورىيان دىنىغا ئالاقىدار مەزمۇنلارمۇ بار . شىنجەڭدىن بايقالغان قەدىمكى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرىدىمۇ بۇ ئۈچ خىل دىنغا ئالاقىدار نەرسىلەر ئۇچرايدۇ (تەرجىمە ئەسەرلىرى ھەم ئەسلى ئەسەر.)
ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنىنى قوبۇل قىلىشى تارىختا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ شامان دىنىدىن ئېتىكا پرىنسىپى ئاساسىغا قۇرۇلغان دىنغا كىردى . شامان دىنى ھەتتا ئادەم ئۆلتۈرۈشمۇ كىشلەرنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ ، دەپ قارايتتى . ئەمما ، مانى دىنى ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئەمەس ، ھەتتا جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈش ھەم گۆش يېيىشكىمۇ رۇخسەت قىلىنمايتتى . مانى دىنىنىڭ ئەقدە پەرىقلىرىمۇ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى . مەسلەن ، مەڭگۈ تاشتا مۇنداق دېيىلىدۇ : « بۇرۇن گۆش يەتدىغان قوۋم ئەمدى تېرىق يەيدىغان قوۋمغا ئۆزگەردى ، بۇرۇن ئادەملەرنى قىرىدىغان دۆلەت ئەمدى خەير ـ ساخاۋەتچى دۆلەتكە ئايلاندى » ،

سوغدىچە ، خەنزۇچە ھەم سانى كۆپ بولمىغان تۈرك - ئورخۇن يېزىقىدا يېزىلغان (توققۇز ئۇيغۇر قاغانى ) مەڭگۈ تاشلارنىڭ بايقىلىشى ( 9 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا مەنسۇپ ) يېڭى بىر خىل يېزىقنىڭ (گېك شىمىن : قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنى كۆرسىتىدۇ )ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

مانى دىنى مۇرىتلىرى بابىلۇندىن (ھازىرقى ئىراق) ئۆز يېزىقىنى ئېلىپ (گېك شىمىن: مانى يېزىقى) كىردى ، بىراق شۇنىڭ بىلەن بىرگە سوغدىلارنىڭ يېزىقىنى قوللاندى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار يېزىقىنىڭ سوغدى يېزىقىدىن كەلگەنلىكىدە ھېچقانداق شۈبھە يوق . بۇ بىر نۇقتا مۇسۇلمان تارىخچىلىرى تەرپىدىنمۇ تىلغا ئېلىنغان . بۇ ھەقتە 13 - ئەسىرنىڭ بېشىدىكى مۇسۇلمان تارىخچىسى فەخرىددىن مۇبارەكشاھ مەرۋەرىدى تەپسىلى توختالغان . تۈرك تىلغا نىسپەتەن ئېيتقاندا ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورقۇن يېزىقى ئورنىدا ئىشلىتىلىشى بىر چېكىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

ئۇيغۇرلار موڭغۇل يايلىقىدىن ئايرىلغاندا ، مانى دىنىنى شىنجاڭ ھەم گەنجۇغا ئېلىپ كەلدى . ئېھتىمال مانى دىنى تېخىمۇ بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ، يەنى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ شىنجاڭغا كېلىشتىن ئىلگىرىلا شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان تۈرك ئوغۇزلىرى ياكى ئۇلارنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرى دەۋرىدىلا شىنجاڭدا تارقالغان بولۇشى مۇمكىن ، بۇ بىر نۇقتىمۇ ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىرى تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن .

10ئەسىر بولسا ئەرەب جۇغراپىيە ئىلمىنىڭ كىلاسسىك دەۋرى - بولۇپ ، ئىسلام دۇنياسىغا ئالاقىدار نۇرغۇن تەپسىلاتلار ھەم ئىسلام

رايونلىرىدىن باشلىنىپ تۈركلەرنىڭ زېمىنى ئارقىلىق جۇڭگوغا بارىدىغان سودا يوللىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئالاقىدار قىسقا جۇغراپىيە ئىلمى ئەسەرلىرى ساقلىنىپ قالغان. ئەرەب جۇغراپىيە كىتابلىرىدا خاتىرىلىنىشىچە ئىچكى دېڭىزدىن جۇڭگوغىچە بولغان كەڭ رايونلاردا ئۈچ تۈركىي قوۋمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، ئۇلار: ① غۇزلار، يەنى ئوغۇزلار ئىچكى دېڭىزدىن باشلاپ سىر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغىچە بولغان رايونلارغا ئولتۇراقلاشقان؛ ② قارلۇقلار پەرغانىنىڭ شەرقى ھەم ئۇنىڭ چېگراسى ئىچىدىكى 20 كۆنلۈككىچە بولغان رايونلارغىچە ئولتۇراقلاشقان؛ ③ توققۇز ئوغۇزلار قارلۇقلارنىڭ شەرقىدىن تاكى جۇڭگوغىچە بولغان رايونلارغا ئولتۇراقلاشقان.

يۇقىرىقى بايانلار تۈركلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلار توغرىسىدىكى خاتىرىلەر بولۇپ ،خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ شىنجاڭنىڭ شەرقىدە ئاللىبۇرۇن ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلىشىپ بولغان دەۋر ئىدى. ئەڭ بۇرۇن مۇشۇ لىنىيە ئۈستىدە خاتىرە قالدۇرغان ئەرەب يازغۇچىسى ئىبنى خۇردادبېككە نىسپەتەن ئېيتقاندىمۇ ، ئۇنىڭ بۇ خاتىرىنى 862 ـ يىلى ، يەنى ئۇيغۇرلار شىنجاڭغا كۆچۈشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يازغان ـ يازمىغانلىقىدىن گۇمانلانمايمىز . خۇلاسە شۇكى : خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئەرەب تارىخچىلىرى تىلغا ئالغان توققۇز ئوغۇزلارنىڭ كۆرسىتىدىغىنى ئوخشاش بىر قوۋمدۇر . ئۇزۇندىن بۇيان كىشىلەر توققۇز ئوغۇزنى توققۇز غوز(توققۇز ئۇيغۇر)دەپ ئوقۇيمىز ، دەپ قاراپ كەلگەندى . بىراق ، ھازىر بۇ خىل قاراشتىن »)ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» ، توققۇز ئوغۇزلار ھەققىدە پايدىلانغان

كىتابلارغا قاراڭ) ۋاز كېچىش كېرەك . توققۇز ئوغۇزلارنى توققۇز ئوغۇزلارنى توققۇز ئۇيغۇرلار دەپ ئوقۇش ئەرەب تارىخ ماتېرىياللىرىغىمۇ زىت . ئىبن ئازىر (تولنېرگ باسمىسى ، 9 ( 117 ،غەربىي قىسمىدىكى غۇزلار توققۇز ئوغۇزلارنى مەنبە قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ . تەبرى (1044.3 )820 ـ يىلىدىن كېيىن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ھازىرقى جىزاق بىلەن خۇجەنت شەھىرىنىڭ ئارلىقىغا جايلاشقان ئۇسرۇشان ئۆلكىسىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ . شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئەينى دەۋردىكى ئىسلام رايونىنىڭ بىۋاستە ئەڭ يېقىن قوشنىلىرى (شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئاھالىلەر ئەمەس ) توققۇز ئوغۇزلار دەپ ئاتالغان . بۇ بىر نۇقتىنى چۈشەندۈرىدىغان يەنە مۇنداق بىر پاكىت بار : توققۇز ئوغۇزلار ئەسىرگە ئېلىنىپ ئىسلام رايونلىرىغا ئېلىپ بېرىلغان ، تولۇن) ئەخمەد ئىبن تولۇن ، يەنى مىسىر تولۇن خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسىنىڭ ئاتىسى ) ئۆزى توققۇز ئوغۇزلاردىندۇر .
ئىبن خۇردادبېك ئۆزى بۇ رايونلارغا كەلمىگەن ، بەلكى بۇرۇنقى ماتېرىياللاردىن پايدىلانغان . ئۇ ھەم ياقۇتقا ئوخشاشلا تەمىم ئىبن بەھرنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغان ، تەمىم ئىبن بەھر رايونلارغا ئۆزى بىۋاستە كەلگەن (ياقۇت»، مۇجەم» ، 1 ـ كىتاب ،840 ـ بەت) . ئەپسۇسلىنارلىقى ياقۇت تەمىم ساياھەت قىلغان ۋاقىتتىن مەلۇمات بەرمىگەن . كىتابىتكى باشقا پاكىتلارغا ئاساسەن ، ئۇنىڭ ساياھەت قىلغان ۋاقتىنى 760 ـ يىللاردىن بۇرۇن (ئۇ چاغدا يەتتە سۇ شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمى قارلۇقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى) ، 9 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىن كېيىنمۇ ئەمەس ، دەپ قاراشقا بولىدۇ . خەنزۇچە تارىخىي

ماتېرىياللاردا شاتۇ تۈركلىرىنىڭ «ئۇلار ئورقۇن ئابىدىلىرىدە كۆرسىتىلگەن تۈركلەر ، يەنى توققۇز ئوغۇزلارنى مەنبە قىلىدۇ) ئىلگىرى بېشبالىقتىن شەرققە كۆچۈپ ، جۇڭگونىڭ ئىچكىرىكى جايلىرىغا كەلگەنلىكى خاتىرىلەنگەن . قارىغاندا ، توققۇز ئوغۇزلار بېشبالىقتا تۇرۇۋاتقاندىلا ئەرەبلەر بۇ رايوننى بىلىپ بولغان ، شۇندىلا كېيىنمۇ يەنىلا مۇشۇ نام بىلەن بۇ رايوندىكى خەلقنى ئاتاپ كەلگەن ، ئەمما توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئاللىبۇرۇن شەرققە كۆچۈپ ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى باشقا بىر قوۋم ئىگىلىگەنلىكىنى (گېك شىمىن : ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ) بىلمىگەن.

توققۇز ئوغۇزلارنىڭ باشتا ئۇيغۇرلارنى ئەمەس ، بەلكى شاتۇ تۈركلىرىنى كۆرسەتكەنلىكىگە ئالاقدار (مەسئودى ، «ئالتۇن يايلاق» ،1 ـ كىتاب ، 305 ـ بەت) مەسئودىنىڭ 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جۇڭگونىڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىقى ھەم توققۇز ئوغۇزلارنىڭ (گېك شىمىن : خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، شاتۇ تۈركلىرىنى كۆرسىتىدۇ (جۇڭگو خاقانىغا ياردەملىشىپ ، ئىچكى قالايمىقانچىلىقنى تىنچىتىپ بەرگەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايىسى دەلىل بولالايدۇ . بۇ ھېكايە كۆپ ئۇچرايدۇ ، خەنزۇچە خاتىرىلەردىلا ئەمەس ، ئەرەبچە تارىخىي ئەسەرلەردىمۇ بۇ تارىخىي ۋەقە ئوخشاشلا خاتىرىلەنگەن . ئەرەبلەر ئۇنى توققۇز ئوغۇز (Tughuz ghuz) دەپ ئاتالغان بولسا ، جۇڭگو خاتىرىلىرىدە ئۇ شاتۇ تۈركلىرى (沙陀突撅) دەپ ئېلىنغان.

تەمىم ساياھەت قىلغان دەۋردە (مەركىزىي ئاسىيا)توققۇز ئوغۇزلارنىڭ زېمىنىدا ئاتەش دىنى مۇخلىسلىرى ھەم مانى دىنى مۇخلىسلىرى بار

ئىدى . ئومۇمەن ، ئالدىنقىلار كۆپرەك يېزىدا ، كېيىنكىلىرى ئاساسلىقى شەھەردە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ ، ئېنىقكى ، كېيىن مانى دىنىدا بىلگىلىك تەرەققىياتلار مەيدانغا كەلگەن . ئەرەبلەر كېيىن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ھەممىسىنى مانى دىنى مۇخلىسلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن ، دەپ بايان قىلىدۇ . 869 - يىلى ئۆلۈپ كەتكەن ئەرەب يازغۇچىسى جاھىز مۇنداق بايان قىلىدۇ ، توققۇز ئوغۇزلار مانى دىنىغا بەيئەت قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇرۇشقا ماھىر قوۋم ئىدى ، شۇنداقلا قارلۇقلار بىلەن ئۇرۇش بولۇپ قالسا ، ئۇلارنىڭ سانى ئاز بولغان ئەھۋالدىمۇ دائىم توققۇز ئوغۇزلار يېڭىۋالاتتى . بىراق ، مانى دىنىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن ، ئۇلار تەدرىجىي كۈرەش روھىنى يوقىتىپ قويىدى . ماركورت («شەرقىي ياۋروپا ھەم شەرقىي ئاسىيا تەتقىقاتى»لىبس . 1903 - يىلى ، 92 - 95 - بەتلەر ) جاھىزنىڭ بۇ سۆزى چارۋىچى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتىلغان ، دەپ قارايدۇ ھەم بۇ نۇقتا موڭغۇل يايلىقىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنى قىرغىزلارنىڭ يوقاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنىڭ ئەرەبلەر رايونىغىمۇ يېتىپ بارغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ . ماركورت نەقىل كەلتۈرگەن جاھىزنىڭ ماتېرىياللىرىدا كۆرستىلگىنى ئېنىقكى ، قىرغىزلار بىلەن بولغان ئۇرۇش ئەمەس ، بەلكى قارلۇقلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتۇر . شۇنداقلا ئۇ موڭغۇل يېرىدە يۈز بەرگەن ۋەقە بولماستىن ، شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ۋەقەدۇر . بۇ بىر نۇقتا يەنە شۇ نەرسىنى چۈشەندۈرىدۇكى ، ئەرەب تارىخ ماتېرىياللىرىدا تىلغا ئېلىنغان توققۇز ئوغۇزلار ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ شىنجاڭغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىشتىن ئىلگىرىلا بۇ جايغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ بولغان . ئۇيغۇرلار غەربكە

كۆچۈشى جاھىز ئۆلۈشتىن ئۈچ يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن . جاھىز خاتىرىسىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، توققۇز ئوغۇزلار ئۇ جايدا ئولتۇراقلاشقىلى ناھايىتى ئۇزاق بولغان . ئەرەبلەر ئۇ يەردە ئۇلار بىلەن ئۇچراشقان ھەمدە ئۇلارنىڭ غەربىي قوشنىسى قارلۇقلار بىلەن ئۆزئۆن مەزگىل ئۇرۇشقان . ئەرەبلەر تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ تەسرى بىلەن ئۇ جايدا ئاللىبۇرۇن ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلىشىپ بولغان ۋاقتتىمۇ ، يەنىلا شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئولتۇراقلاشقان توققۇز ئوغۇزلار ، دەپ قاراپ كەلگەن . ئەرەب تارىخىي ماتېرىياللىرى ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان بۇ قوۋمغا (ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ ) ئالاقىدار ئاز ساندىكى ماتېرىياللارنىڭ ئىچىدە 10 ـ ئەسىردىكى يازغۇچى مەسئۇدى ھەم نادىمنىڭ (an－Nadim) تارىخىي ماتېرىياللىرى بار . مۇھىمى ، ئۇيغۇر خاقانى مەيلى جۇڭگو خانى ياكى ئىسلام سامانىي سۇلالىسى ئەمىرلىكىدە نىسپەتەن بولسۇن ، دىنداشلىق مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ . نادىمنىڭ خاتىرىسىگە («ئىلىم دۇردانىلىرى» ، 337 ـ بەت) ئاساسلانغاندا ، ئۇيغۇر خاقانى سامانىي ھۆكۈمرانىنىڭ سەمەرقەند شەھرىدىكى مانى دىنى مۇخلىسلىرىغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندا ، ئۇ سامانىي ھۆكمرانىغا كىشى ئەۋەتىپ ، توققۇز ئوغۇزلار رايونىدىكى ئىسلام دىنى ئېتىقادچىلىرىنىڭ سامانىي دۆلىتىدىكى مانى دىنى مۇخلىسلىرىدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى ، ناۋادا ئۇ يەردىكى مانى دىنى مۇخلىسلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچراۋەرسە ، ئۆزىنىڭ قىساس ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقان . توققۇز ئوغۇز خاقانىنىڭ تەھدىتى بىلەن سامانىي سۇلالىسى مانى دىنى

مۇخلىسلىرىغا بولغان زىيانكەشلىكنى توختاتقان.

شىنجاڭدىن پارىسچە ، سوغدىچە ھەم خەنزۇچە يېزىلغان مانى دىنى يازما يادىكارلىقلىرى تېپىلدى . بۇ تۇنجى بولۇپ بىزنى مانى دىنى ئۆزى قالدۇرغان يازما يادىكارلىقلار ئارقىلىق بۇ دىننى تەتقىق قىلىشنىڭ ئېھتىماللىقى بىلەن تەمىنلىدى . بۇنىڭدىن ئىلگىرى كىشلەر پەقەت خرىستىئان دىنى ھەم ئىسلام دىنى يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنازىرە ئەسەرلىرى ئارقىلىقلا بۇ دىننى بىلىپ كەلگەندى . مانى دىنى بۇددا دىنىغا ئوخشاش ، كەڭ ئامما ئارىسىدا دىن تارقىتىشقا تىرىشىدۇ ، ئۇنىڭ زاھىتلىق تەرىقىتى ئاتەش دىنى تەرىپىدىن سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىلگەن سىنىپلارغا قارىتىلىپ سىستېمىلاشتۇرۇلغان ، بۇ نۇقتا ساسانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئىراندا ساقلىنىپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى شەكىللەردە كۆپرەك ئىپادىلىنىدۇ . شۇڭا ، مانى دىنى يادىكارلىقلىرى ناھايىتى ئاممىباب ، تۆۋەن قاتلامدىكى ئاۋام ئاسان چۈشىنەلەيدىغان قىلىپ يېزىلغان ، ئەينى دەۋردىكى بارلىق پارسچە يازمىلار ئىچىدە ، پەقەت مانى دىنى يادىكارلىقلىرىدىكى بارلىق سۆزلەر پارسچە ئىشلىتىلىپ يېزىلغان ، سام تىلىدىن كەلگەن مەنە ئىپادىلىگۈچى بەلگىلەر قوللىنىلمىغان . ئەمما بىلىشىمىزچە ، پەھلىۋى يېزىقى دەپ ئاتالغان يازمىلار بۇ خىل مەنە ئىپادىلىگۈچى بەلگىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن . بۇ خىل مەنە ئىپادىلىگۈچى بەلگىلەر پارىسچە خرىستىئان دىنى يازما يادىكارلىقلىرىدا ئىشلىتىلگەن ، يەنى نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشى پارىسچە ، بىراق يېزىلغاندا مەنە ئىپادىلىگۈچى بەلگىلەر مۇشۇ پارىسچە سۆزلەرنىڭ ئورنىدا قوللىنىلغان . ئوخشاشلا ، تۈركچە مانى دىنى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ

تىلمۇ ئاممىباب ، چۈشىنىشلىك ، تۈركچە مانى دىنى يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى ۋەكىللىك ئەسەر «تۆۋا دۇئاسى» (chusa Tuanift) رادلوفنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا ، تىلىنىڭ ساپلىقى جەھەتتە بار بولغان بارلىق تۈركچە ياشما يادىكارلىقلاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

بۇ يازما يادىكارلىقتىن بىز مانى دىنىنىڭ بۇددا دىنىغا يېقىن كېلىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز ، بۇددا دىنىدىكى ھۆرمەتسىزلىك قىلىشقا بولمايدىغان مۇقەددەس نەرسىلەر مانى دىنىدىكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ ، ھۆرمەتسىزلىك قىلىنسا جازالىنىدۇ . ئىككى خىل دىنىنىڭ ئوخشاشلىقى ھەم ئۆز ئارا تەسىرىنى ئاتالغۇلىرىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . شۇڭا مانى دىنى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ تۈركلەر ئارىسىغا قايسىنىڭ بۇرۇن تارقالغانلىقىنى بېكىتمەك ناھايىتى قىيىن . بۇرھان (burhan) دېگەن سۆزنى تۈركلەر ساكيامۇنىنى (佛) ياكى بۇتنى ئىپادىلەشكە ئىشلەتكەن . ئۇ مانى دىنىدا مانى دىنىنىڭ ئەۋلىياسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ، يەنە بىر جەھەتتىن بۇددا دىنى مۇخلىسلىرى مانى دىنىنىڭ سۆزى نوم (nom) نى قوبۇل قىلىپ ، ئۇنى دىنىي كىتابلارنىڭ نامىنى ئاتاشقا ئىشلەتكەن ، بۇ سۆزنى موڭغۇللار ھېلىمۇ قوللىنىدۇ . مانى دىنى مۇخلىسلىرى بىلەن بۇددا دىنى مۇخلىسلىرىمۇ كېيىنكى نىستورىيان دىنى ھەم ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرىغا ئوخشاش ، تۈركلەر ئارىسىدا دىن تارقاتقاندا ، تۈرك تىلىدىن پايدىلىنىپ دىنىي ئاتالغۇلارنى ياسىغان . بىراق ، بۇ بىر نۇقتىنى بەزىدە ئىشقا ئاشۇرالمىغان . شامان دىنىدا « مەبۇد »، « ئالۋاستى »دېگەنگە

ئوخشاش سۆزلەر ئاللبۇرۇن بار بولسمۇ ،لېكن « پەرىزات » نى ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇم شامان دىنىدا يوق ئىدى . شۇڭا ، مانى دىنى ، نستوريان دىنى ھەم ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرى پارسچىدىكى فرىشر (firixre)دېگەن سۆزنى قوبۇل قىلىپ قوللانغان . تۈركچىدە « پەرىشتە » دېگەن سۆزنىڭ يوقلۇقىنى مەھمۇد كاشغەرىيمۇ كۆرستىپ ئۆتكەن («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم ، 9 ـ بەت . ) ئەرەب يازغۇچىلىرى مانى دىنى بىلەن بۇددا دىنىنى ئانچە ئايرىپ كېتەلمىگەن . شۇڭا ، بەزى يازغۇچىلار ، مەسلەن ، ئەل بىرونى مانى دىنىنىڭ تارقىلىشى ناھايىتى كەڭ دەيدۇ ، يەنە بىر جەھەتتىن مەسئۇدى ئېنىق قىلىپ ، توققۇز ئوغۇزلاردىن باشقا تۈركلەردىن مانى دىنى مۇخلىسلىرى يوق دەپ كۆرستىدۇ («ئالتۇن يايلاق»، 1 ـ كىتاب، 288 ـ بەت . ) بۇ يەردىكى توققۇز ئوغۇزلار ئېنىقكى ئۇيغۇرلارنى كۆرستىدۇ . شۇنىڭدىن كېيىن تەخمىنەن 10 ـ ئەسىردىن كېيىن مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسدا بۇددا دىنى بىلەن نستوريان دىنىغا ئورۇن بەردى . بىراق ، بۇ بىر جەريان قانداق ، قاچان يۈز بەرگەنلىكىگە ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىيال يوق دېيەرلىك . 11 ـ ئەسرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىدىمۇ ئەينى دەۋردە مانى دىنىنىڭ يەنىلا مەۋجۇت ئىكەنلەگىنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىيال يوق ، گەرچە مەھمۇد كاشغەرىي باشقا ھەر قانداق كىشىگە قارىغاندا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەھۋالىنى پىششىقراق بىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز ، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى ، مەھمۇد كاشغەرىي بىردىبىر كىتابىي ماتېرىياللارغا تايانماي ، بەلكى ئۆزىنىڭ بىۋاستە

تەكشۈرۈشكە ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسيا توغرۇلۇق خاترە قالدۇرغان ئەرەب تىلىدا ئەسەر يازغان يازغۇچى . شۇڭا ، ئۇ ئۇيغۇرلارنى توققۇز ئوغۇز دەپ ئاتىماي ، بەلكى ئۇيغۇر دەپ ئاتىغان . بۇ توققۇز ئوغۇز دېگەن نام ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى ئاتاشنىڭ پەقەتلا بىر كىتابىي ئەنئەنە ئىكەنلىكىنى ، ئەينى چاغدا شىنجاڭدا ئولتۇراقلاشقان تۈركلەر ئارىسىدا بۇ سۆزنىڭ يوقلۇقىنى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىدە ئۇيغۇرلار مانى دىنى مۇخلىسلىرىدىن بۇددا دىنى ھەم نىستورىيان دىنى مۇخلىسلىرىغا ئۆزگىرىپ بولغان . ئۇلارنىڭ غەربىي قوشنىسى بۇ ۋاقىتتا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئىدى

تۈتىنچى لېكسىيە(ئەسلى كىتاب 59 ـ 78 ـ بەتكىچە(

بۇددا دىنى (ئوتتۇرا ئاسىيادىن ) ئىزسىز يوقاپ كەتمىدى . دەل بۇددا دىنىدىكى ۋىخار) (wihar) گېپىك شىمىن : بۇتخانا دېگەن مەنىدە) غا تەقلىد قىلىنىپ ، ئىسلام دىنىنىڭ ئالىي دىنىي مەكتىپى مەدرىسە مەيدانغا كەلدى . بۇ خىل مەكتەپلەر ئەڭ دەسلەپ ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى چەت جايلاردا بارلىققا كەلگەندى . كېيىن يەنى 11 ـ ئەسىرلەردە ئاندىن ئىراننىڭ غەربى ۋە باغداد خەلىپىسىنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدە بۇ خىل مەكتەپلەر قۇرۇلدى . بۇددا دىنىنىڭ تەسىرى بىلەن بەلخ ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن مەدرىسلەر بارلىققا كەلدى.

ـ 10ئەسىردە قۇرۇلغان مەدرىسلەر ھازىر بىلىشىمىزچە پەقەت خۇراسان ھەم ماۋەرائۇننەھردىلا بار ئىدى . بۇ ئىسلام دىنىنى تارقىتىشتىكى

كۆچلۈك بازا بولۇپ ، ساماني سۇلالىسى بۇرۇنقى ئىسلام هۆكۈمرانلىرىنىڭ سىياسەتلىرىگە قارشى تۇرۇپ ، يايلاقتا هۇجۇم قىلىپ كۈچ ئىشلەتتى . 893 ـ يىلى تالاس (ياكى تازار ، هازىرقى جابنۇر شەھرىدە )ئىسلام كۆچلىرى تەرپىدىن ئىگىلەنگەندىن كېيىن ، ئۇ جايدىكى چىركاۋلار مەسچىتكە ئۆزگەرتىلدى (نۇر شاھ «بۇخارانىڭ تارىخى ھەم جۇغراپىيىلىك قىستۇرما بايانلىرى» ، شىپفىر تەرجىمە قىلغان نۇسخا 84 ـ بەت )، بۇ بىر نۇقتا ئىسلام دىنىدىن ئىلگىر بۇ يەردە خرىستىيان دىنى تارقىلىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

سوغدىلار ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرى تۈرك يايلاقلىرىنىڭ ئىچلىشىدا ناھايىتى زور رول ئوينىغان . ئىسلام دىنى ماۋەرائۇننەھر ئاھالىسىنىڭ دىنىغا ئايلانغاندا ، ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرى سوغدىلارنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى . شۇنىڭ بىلەن سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا جىند ، (jind) خۇۋارا، (Huvara)ھەم يېڭى كەنت (yangikent) تىن ئىبارەت ئۈچ ئىسلام دىنى شەھرى قۇرۇلدى . (يېڭكەنت، ئەرەپچىدە al ـ karya al hadita دېيىلسە ، پارىسچىدا Dihinu، تۈركچىدە يېڭى كەنت دېيىلىدۇ ، كەنت تۈرك تىلىغا سوغد تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزدۇر ) . بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت يېڭى كەنتنىڭ ئورنىنىلا ئېنىق بېكىتكىلى بولىدۇ ، يەنى ئۇنىڭ خارابىسى هازىرقى جانكەنت (jankent) دەپ ئاتىلىدۇ . ساماني سۇلالىسى ئىگىلىگەن ئەندۇلۇس شەھرى ھەم تىنچلىق ئاچقۇچىلار قۇرغان يېڭى كەنت مەركىزىي ئاسىيانىڭ سودا پائالىيىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇ يەردىن ئېرجىس دەرياسى ، خەنزۇچە ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنمىگەن كىجماكلار

(kjmak)زېمىنغا تۇتىشىدىغان سودا يولى بار ئىدى (تۈركچىدە كىماك دېيىلىشى كېرەك ، «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» ،2 ـ توم ، 1085 ـ بەتكە قاراڭ ،) كىجماكلاردىن قىپچاق قەبىلىسى بۆلىنىپ چىققان(يۇقىرىقى كىتاپ 1099 ـ بەت.)
خازارلار دۆلىتى تاكى يوقالغۇچە يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ، خازارخان ۋە ئۇنىڭ ئاقسۆڭەكلىرى تەخمىنەن 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە بۇ دىنىنى قۇبۇل قىلغان) هارۇن رەشىد دەۋرىدە.)
ئەپسۇسلىنارلىقى پەقەد باغداد يىلنامە تارىخىدىلا ) تۇنجى قېتىم ئىبىن مىسكۇۋشىنىڭ كىتابىدا ئۇچراتقان ،«ئابباس خەلىپىلىكىنىڭ يىمىرىلىشى» دېگەن كىتابىنىڭ 2 ـ تومىغا قاراڭ ، ئەسلى 5 ـ كىتاب 181 ـ بەت ،تەرجىمە نۇسخىسى 196 ـ بەت. ئۇنىڭ دەسلەپكى تارىخىي ماتېرىيالى ئىبىن مىسكۇۋشىنىڭ كىتابىدىكى باشقا ئەھۋاللارغا ئوخشاشلا ئاللىبۇرۇن يوقاپ كەتكەن تابىت ئىبىن سىناننىڭ ئەسىرىدىن كەلگەن ، ئۇنىڭدا هىجرىيە 295 ـ 363 ـ يىللار ئارلىقىدىكى ئىشلار بايان قىلىنغان ـ 960 ( يىلى 200 مىڭ ئۆيلۈك تۈركنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان ، بىراق بۇ ئەھۋال سامانىي سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان ئەسەرلەردە هەم ئەرەب جۇغراپىيە ئەسەرلىرىدە ئۇچرىمايدۇ . بۇ بىر نۇقتا بۇ تارىخىي ۋەقەنىڭ ئانچە ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ ، يەنە كېلىپ بۇ بايانلاردا شۇ تۈركىي قوۋمنىڭ نامى هەم تۇرۇۋاتقان ئورنى بايان قىلىنمىغان . پەقەت كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردىلا (بۇنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ۋارىيانتى ساقلىنىپ قالغان 14 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئەسەر

>جامال قارشىنىڭ ئەسىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ، بارتولىد نىڭ«تۈركىستان»ناملىق ئەسىرىنىڭ 1 ـ تومى، 30 ـ بەتكە قاراڭ >بولۇپ ، ئۇ 11 ـ ئەسىردىكى باشقا بىر ئەسەردىن نەقىل ئېلىنغان ) تۈرك خاقانى سۇتۇق بۇغراخان ئابدۇلكەرىمنىڭ ئالدى بىلەن خەلققە باش بولۇپ ، ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغانلىقى بايان قىلىنغان ( سۇتۇق بۇغراخان 10 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى سامانىي سۇلالىسىنى بويسۇندۇرغان ھەم ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام تۈرك ئېلىنى ، يەنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان ئوردا ئەزالىرىنىڭ بىرى ). ئۇ ئەڭ قەدىمقى ۋارىيانتتا بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىغا ئالاقىدار خاتىرلەردىمۇ قويۇق ئەپسانىۋىي تۈس بار . كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن«بۇغراخانلار تەزكىرىسى» دە بۇ خىل ئەپسانىۋىي تەركىبلەر تېخىمۇ كۆپ .

سۇتۇق بۇغراخان قۇرغان بۇ خانلىقنى قايسى تۈركىي قەبىلە قۇرغانلىقى ئېنىق ئەمەس . رۇسىيىدىكى گرگورىيېف (Grgoriev)دىن باشلاپ ، بۇ خانلىق بۇغراخانىنىڭ يەنە بىر نامى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى دەپ ئاتىلىپ كەلدى ، ئەمما ياۋروپادا دائىم ئىلىكخان دېگەن نام قوللىنىپ كېلىۋاتىدۇ . بىراق ئىلىك دېگەن سۆز كۆپىنچە خان بىلەن بىللە قوللىنىلمايدۇ ، شۇنداقلا بۇ خانلىقنىڭ بارلىق خانلىرى ئۆزىنى ئىلىك دەپ ئاتىمىغان . بۇ مەسىلە مەھمۇد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسىرى بايقالغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ھەل بولمىدى . چۈنكى مەھمۇد كاشغەرىي ئەسىرىنى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە يازغان بولۇپ ، ئۇ ئۆتمۈشتىكى ئىشلار ئۈستىدە كۆپ توختالمىغان .

ـ 960يىلدىن كېيىنمۇ ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىرىمۇ ساماني سۇلالىسىنىڭ شەرقىدە بىر ئىسلام تۈرك خانلىقىنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەن ،بۇ ئۇلار بىلىمىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كىتابتىن كەلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك . 9 ـ 10 ـ ئەسىردىكى ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىرى بىزگە ئاددى بىر ئومۇمىي بايان (تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ جايلىششى) قالدۇرغانلىقىدىن باشقا ، ئەرەب تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى ئەھۋال تېخىمۇ مۇرەككەپ ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى خىل پارىسچە ئەسەر ساقلانغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ بىرى ھىجرىيە 372 (مىلادىيە 982 ـ 983 ـ) يىلىدىكى يازغۇچىسى نامەلۇم ئەسەر «ھۇدۇدۇل ـ ئالەم » ، يەنە بىرى 1040 ـ يىللىرىدىن كېيىن كىتاب قىلىنغان گەردىزىنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرى ، بۇ ئىككى ئەسەردىكى ماتېرىيال بىردەك ئەمەس ، شۇنداقلا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىدىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بۆلۈنۈشكە ئالاقىدار ماتېرىياللار بىلەنمۇ بىردەك ئەمەس .

«ھۇدۇدۇل ـ ئالەم » ھەم گەردىزىنىڭ ئەسەرلىرىدىن 10 ئەسىردە ئەرەب جۇغراپىيىسىدە قارلۇقلارنىڭ زېمىنى دەپ خاتىرىلەنگەن بىر قىسىم جايلارنىڭ ئالىبۇرۇن ياغمىلار ( توققۇز ئوغۇزلارنىڭ باشقا بىر قىسمى ) تەرىپىدىن ئىگىلەنگەنلىكىنى بىلىمىز . ياغمىلار قەشقەر ھەم نارىن دەرياسىنىڭ (سىر دەرياسىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى ) جەنۇبىدىكى يەتتەسۇ رايونىنىڭ بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن بولۇپ) بىراق جاھىزنىڭ توققۇز ئوغۇزلار مانى دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن قارلۇقلار بىلەن ئۇرۇشسا دائىم قارلۇقلار يېڭىۋالاتتى دېگىنى بۇنىڭ بىلەن زىت)،

قاراخانيلار سۇلالىسى بىلەن قەشقەر زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى . خاننىڭ تۇرىدىغان ئورنى ئوردۇكەنت») خان پايتەختى » دېگەن مەنىدە ، بۇ بىر نۇقتىنى مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا تىلغا ئالغان ، 1 ـ توم ، 288 ـ بەت ). بۇنداق بولغاندا تەبىئىي ھالدا تۆۋەندىكى خۇلاسىگە ئېرىشىمىز : قەشقەرنى ئىگىلىگەن قەبىلە دەل قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدۇر . مۇنداقچە ئېيتقاندا ، توققۇز ئوغۇزلارغا مەنسۇپ بولغان ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قەبىلىسى بولغان ياغمىلار قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان . مەھمۇد كاشغەرىي بۇ نۇقتا ئۇستىدە تەپسىلى توختالمىغان ، ئۇ پەقەت ياغمىلارنىڭ شۇ دەۋرىدە ئەڭ شىمالدا ئولتۇراقلاشقانلىقى ، يەنى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى بىر قەبىلە ئىكەنلىكىنىلا ئېيتقان . مەھمۇد كاشغەرىي يەنە ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ئۇنىڭدىن باشقا تۈركىي قەبىلىلەردىن تۇخسى ھەم چىگىل (qigil، يۇقىرىقى كىتاب 330 ـ بەت ) لارنىڭ بارلىقىنى بايان قىلغان . ئەمما بۇ قەبىلىلەر «ھودۇدۇل ـ ئالەم»ھەم گەردىزىنىڭ ئەسەرلىرىگە ئاساسلانغاندا ، جەنۇپ تەرەپكىرەك جايلاشقان . پارىس يازغۇچىلىرىنىڭ دېگىنىگە ئاساسلانغاندا تۇخسىلار چۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي رايۇنىغا ، چىگىللار بولسا ئىسسىق كۆلنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا ئولتۇراقلاشقان . شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن چىگىل دېگەن بۇ نام 11 ـ ئەسىردە نۇرغۇن تۈركىي قەبىلىلەرنى ئاتاش ئۈچۈن قوللىنىلغان . سالجۇقلار سۇلتانى مەلىكشاھنىڭ ماۋەرائۇننەھرنى بۇلاپ ـ تالىغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىسىدىن كىشىلەرنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قوشۇنىنى چىگىللاردىن تەشكىللەنگەن دەپ قارىغانلىقىنى

بىلىۋالالايمىز . مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دېگىنىگە ئاساسلانغاندا ، ئوغۇزلار ئامۇ دەرياسىدىن جۇڭگوغىچە بولغان رايونلاردىكى بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنى چىگىللار دەپ ئاتىغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنى بەلكىم شۇلار قۇرغان بولىشى مۇمكىن، بۇ بىر نوقتا چىگىللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي سەھنىسىدىكى رولىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . بىراق مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىدىن بۇ پەرەزگە پايدىلىق بىرەر ماتېرىيال تاپقىلى بولمايدۇ . ئۇ چىگىل دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئوغۇزلاردىكى مەنىسىنى يېشىپ مۇنداق دەيدۇ : چىگىل شەھىرى (بۇ جايدا چىگىللارنىڭ بىر تارمىقى ئولتۇراقلاشقان ) تالاسنىڭ يېقىن ئەتراپىغا جايلاشقان بولۇپ ، ئوغۇزلار ئاللىبۇرۇن ئەڭ غەربكە جايلاشقان بۇ جاينىڭ شەرق تۈركلىرىگە مەنسۇپ بىر شەھەر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى . چىگىللارنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى تارمىقى قەشقەرگە يېقىن ئىككى كەنتتە ھەم ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ، يەنى قۇياش شەھىرى رايۇنىدا) موڭغۇللار دەۋرىدە ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان بۇ شەھەر چاغاتاي ھەم ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ پايتەختى بولۇش بىلەن داڭلىق ) ئولتۇراقلاشقان . قارلۇقلار توغرىسىدا مەھمۇد كاشغەرىي ئۇلار بىر كۆچمەن چارۋىچى قەبىلە ، كىشلەر ئۇلارنى )ئوغۇزلارغا ئوخشاش)تۈركمەن دەپ ئاتايدۇ ، دەيدۇ ( « دىۋان » ، 1 ـ توم ، 393 ـ بەت»). ( ھۇدۇدۇل ـ ئالەم » دە ھەم گەردىزى ( بۇ جايدا ھارۇن دەپ يېزىلغان ) قارلۇقلار توغرىلىق ئۇلارنى ئىسلام رايوننىڭ ئەڭ يېقىن قوشنىسى ، يەنى تالاسنىڭ شەرقىدە دەيدۇ ، ئۇلارغا تەۋە رايونلاردىن شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم شەھەرلىرىمۇ بار بولۇپ ،

بۇنىڭ ئىچىدە) pengulخەنزۇچە ، 温宿 يەنى بۇگۈنكى ئۈچتۇرپان
ئەتراپىدا ) مۇ بار ئىدى» . ھۇدۇدۇل ـ ئالەم « دە بۇ شەھەر
قارلۇقلار يېرىگە جايلاشقان ، ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانى توققۇز ئوغۇزلاردىن
دېيىلگەن . ئۇنىڭدىن كېيىنلا بۇ جايىنى قىرغىزلارنىڭ ئىگىلىۋالغانلىقى
توغرىسىدا خاتىرە بار («ھۇدۇدۇل ـ ئالەم »دىكى خاتىرىلەرگە
ئاساسلانغاندا ، قىرغىزلار 10 ـ ئەسىردىلا ھازىرقى ئۇلتۇراق رايونىغا
كېلىپ بولغان ، بىراق بۇ بىر نۇقتا باشقا تارىخىي ئەسەرلەردە
ئۇچرىمايدۇ ) «ھۇدۇدۇل ـ ئالەم « دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا ،
قەشقەر قارلۇقلار ، توققۇز ئوغۇزلار ھەم قىرغىزلار چېگرىلىنىدىغان يەرگە
جايلاشقان . قارلۇقلانىڭ شىمالىغا كۆچكەنلىكى توغرىسىدا ) خۇددى
ياغما ۋە چىگىللارغا ئوخشاش ) مەھمۇد كاشغەرىي بىر نەرسە
دېمىگەن . بىراق چىڭگىزخان دەۋرىدە ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى
رايونلاردا ئاللىبۇرۇن قارلۇقلارنىڭ ئولتۇراقلىشىپ بولغانلىقىنى بىلىمىز.
شۇنداق ئىكەن ، قارلۇق ، ياغما ، چىگىلدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ تۈركىي
قەبىلىنىڭ ئوخشاشلا قاراخانىيلار سۇلالىسىنى سۇلالىسىنى قۇرۇش
ئېھتىمالى بار ، يەنە كېلىپ مەھمۇد كاشغەرىي ئۇلارنى ئوخشاشلا تىلغا
ئالغان، بىراق قايسى بىرىنىڭ ئىككىسىگە قارىغاندا قاراخانىيلار
سۇلالىسىگە تېخىمۇ يېقىن تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتمىغان . قىزىقارلىقى
كىشىلەر قارلۇقلارنى تۈركمەن) ئوغۇزلارغا ئوخشاش)دەپ ئاتىغان ، بۇ
سۆزنىڭ (تۈنجى قېتىم 10 ـ ئەسىردە كۆرۈلگەن ( مەنبىئى ئېنىق
ئەمەس ، پارىسچىدىن كەلگەن (تۈركمەند ، «تۈركلەرگە
ئوخشاش»دېگەن مەنىدە ، بۇ بىر قاراشمۇ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ

كىتابىدا ئۇچرايدۇ ) دېگەن قاراشمۇ ئىشەنچلىك ئەمەس . ئەمما شۇ نەرسە ئېنىقكى ، تۈركمەنلەرنىڭ بەدەن شەكلى ئادەتتىكى تۈركلەرگە ئوخشىمايدۇ ، بەلكى ئىرانلىقلارغا تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ.

قارلۇقلارنى ئوغۇزلارغا سېلىشتۇرغاندا ، ئۇلار ئىران مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە تېخىمۇ كۆپ ئۇچرىغان . ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلار باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارىغاندا ئىران مەدەنىيىتىگە تېخىمۇ يېقىن ئىدى.

- 12ئەسىردە كىشلەر يەتتەسۇ ۋادىسىدىكى بالاساغۇننىڭ ھۆكۈمرانى (قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن كېلىپ چىققان (تۈركمەن ئىدى ، دەيدۇ . بۇ بىر پاكىت قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قارلۇقلار قۇرغان دېگەن قاراشنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

بالاساغۇن شەھرى توغرىسىدا پارىسلارنىڭ ۋەزىرى نىزامۇل مۇلىك ( مەھمۇد كاشغەري بىلەن زاماندىش) مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان :«بۇ شەھەر 940 - يىللىرىلا ئىسلام دىنى شەھرى ئىدى ، كېيىن دىنسىزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن غازات قىلىنغان .«

قارلۇقلار ياغمىلاردىن بۇرۇنلا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولىشى مۇمكىن . ياغمىلار قارلۇقلار زېمىنىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن) بۇنىڭ ئىچىدە چۇ دەريا ۋادىسى بار ، بالاساغۇن شەھرى مۇشۇ يەرگە جايلاشقان ،(ئۇلارنى خانى قارلۇقلارنى دوراپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان . بىراق بۇ نۇقتا تېخى ئىسپاتلانمىغان.

سۇتۇق بۇغراخان («ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» ، 1 - توم ، 803 - بەت ) بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان تۈرك خاقانى . ئۇ

قەشقەرنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى ، ئۇنىڭ قەبرىسى بۈگۈنكى ئاتۇشتا ، بۇغراخانغا دائىر ئەڭ قەدىمقى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا ، ئۇ ھجرىيە 344 (مىلادىيە 955 ـ 956 ) ـ يىلى ۋاپات بولغان . بۇ بىر نۇقتا تۈركلەر 960 ـ يىلى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان دېگەن تارىخىي ماتېرىيالغا زىت كېلىدۇ . ئەمما ، 960 ـ يىلى بىر قىسىم تۈركلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغانلىقىغا دائىر خاتىرە باغدادلىق تارىخچى تابىت سىناننىڭ (مۇشۇ دەۋرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يېزىلغان ) كىتابىدا ئۇچرايدۇ . بۇ قاراش يىلنامىللىرى خاتا ، ئەپسانە تۈسى قويۇق بولغان سۇتۇق بۇغراخان توغرىسىدىكى رىۋايەتكە سېلىشتۇرغاندا ، تېخىمۇ ئىشەنچلىك.

ـ 10ئەسىردە سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا ئولتۇراقلاشقان بىر قىسىم ئوغۇزلارمۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى .

بەشىنچى لېكسىيە (ئەسلى كىتاب 79 ـ 99 ـ بەتكىچە(

قەشقەر بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى توغرىسىدا ، ئىسلام تارىخچىلىرى ھېچقانداق ئىشەنچلىك خاتىرە قالدۇرمىغان . ئىسلام ئالىملىرىغا دائىر رىۋايەتلەردە كالىمات (Kalimati) ئىسىملىك بىر خۇداگۆي كىشىنىڭ باغداد يىلنامىلىرىدە قەيت قىلىنغىنىغا قارىغاندا

تەخمىنەن، نۇرغۇن تۈركلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان يىللاردا (تەخمىنەن 960 ـ يىلى (تۈرك خاقانىنىڭ ئوردىسىغا بارغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ (سامانى : «نەسەبنامە» گە قاراڭ ، جىغنى خاتىرىلەش مەجمۇئەسى ـ 486 ، XX ، بەت ) . بىراق ، بۇغراخان توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە بۇ كىشىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمايدۇ ) قەدىمكى كىتابلاردا

ھەرگىزمۇ بۇ پانىي ئالەمدىكى يول كۆرسەتكۈچلەر تىلغا ئېلىنمىغان ) ، بەلكى بۇغراخان بىر قېتىملىق چۈشىدە ئالالاھنىڭ ۋەھيىسىنى قوبۇل قىلىپ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان دېيىلىدۇ (ئىبىن ئاتىر ، XI، ـ 54بەت) . مۇشۇ ئىش توغرىسىدىكى باشقا بىر رىۋايەتتە ، ھېلىقى كىشىنىڭ ئورنىدا تۈرك خانى زېمىنغا قېچىپ كەلگەن بىر سامانى شاھزادىسى تىلغا ئېلىنىپ ، شۇ بۇغراخاننىڭ يول كۆرسەتكۈچىسى دېيىلىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن رىۋائىللىققا ماس كەلمەيدىغان توقۇلما ئىسىم ھەم ۋاقىتلار بار . گەرچە بۇ رىۋايەت 10 ـ ئەسىردىكى قەشقەرلىك بىر تارىخچىنىڭ يوقاپ كەتكەن ئەسىرىدىن ئېلىنغان بولسىمۇ (گېبك شىمىن : ئابدۇل جاپپارنىڭ «قەشقەر تارىخى» ، بارتولد : «تۈركىستان» «بىرىنچى قىسىم [ئەسلىي قوليازمىسى] ، 131 ـ بەت. )

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تۇرۇشلۇق ئورنى قەشقەر ئىدى (ئىسلام ئىنسكلوپېدىيىسى ـ 844 ، II ،...«بەت). ئۇنىڭ نەۋرىسى بۇغراخان ھارۇن بىننى مۇسا (ئىسلام ئىنسكلوپېدىيىسى 803 ، I ،...« ـ بەت (بالاساغۇندا تۇردى ) يۇقىرىقى كىتاب بىلەن ئوخشاش ، ـ 639،ابەت) ھەم شۇ يەردىن يۈرۈش قىلىپ ماۋرائۇ شەھرىنى ئىگىلىدى . شۇنىڭدىن كېيىن ، قەشقەر بىلەن بالاساغۇن دائىم بىللە تىلغا ئېلىنىدى . ئۇلار ئوخشاشلا قاراخانىيلار سۇلالىسىگە مەنسۇپ شەھەرلەر ئىدى . دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى ، گەرچە بالاساغۇن شەھىرى قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۈچۈن ئەھمىيەتكە ئىگە بىر شەھەر بولسىمۇ ، ئىسلام يازما يادىكارلىقلىرىدا ئۇ ناھايىتى ئاز تىلغا

ئېلىنغان . شۇنداقلا ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىنى بېكىتىشكە ياردەم بىرەلەيدىغان بىرەر لىنىيە خەرىتىسىمۇ يوق . 10 ـ ئەسىردىكى جۇغراپىيەشۇناس مۇقەددىسىنىڭ ئەسىرىدە (« ئەرەب جۇغراپىيىسى مەجمۇئەسى ـ 517 ، 27 ،III ، « بەتلەر ) بۇ شەھەرنىڭ نامى (ۋالاساكۇن دەپ يېزىلغان ) ئۇچرايدۇ ، بىراق ئۇنىڭ ئورنى كۆرسىتىلمىگەن . « ھۇدۇدۇل ئالەم »دە ھەم گەردىزىنىڭ ئەسەرلىرىدە ، بۇ شەھەر تىلغا ئېلىنمىغان، بەلكىم بالاساغۇن شەھىرى ئۇنىڭدىن بۇرۇن باشقىچە نام بىلەن ئاتالغان بولىشى ھەم 9 ـ 10 ـ ئەسىردىكى ئىسلام جۇغراپىيەشۇناسلىرىنىڭ لىنىيە خەرىتىسىدە ئاشۇكۇن نام بىلەن ئاتالغان بولىشى مۇمكىن . چۇ دەريا ۋادىسىدىكى ئاساسلىق شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، ئەرەب ۋە جۇڭگو يازغۇچىلىرى دائىم سۈياب شەھىرىنى تىلغا ئالىدۇ.

بالاساغۇن دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ كېلىش مەنبەسى تېخى ئېنىق ئەمەس بۇرۇن بۇ ئىسىم موڭغۇل تىلىدىكى بالغاسۇن (شەھەر) دىن كەلگەن دەپ قارىلاتتى ، بۇ خىل قاراشنى ھېچكىم قوللىغىنى يوق . سۆز تومۇرىدىكى بالا =بالا(ئادەمنىڭ بالىسى) غا تەڭداشمۇ ، يوق (گېلىك شىمىن:ئۇنداقتا ، بالاساغۇن» بالاسانغۇن» دېگەن مەنىدە بولىدۇ ). تۈركلەر ئارىسىدا بۇ شەھەرنىڭ يەنە بىر نامى قۇزئۇلۇش(«دىۋان ،I« ـ 60بەت ، ئۇلۇش كەنت ، شەھەر دېگەن مەنىدە) ياكى قۇز ئوردۇ(«دىۋان ـ 112 ،I«بەت ) . ئوردۇ دېگەن بۇ سۆز ئەينى دەۋردىكى باشقا شەھەرلەرنىڭ نامىدىمۇ ئۇچرايدۇ ، قۇز دېگەن سۆز توغرىسىدا مەھمۇد كاشغەريي«دىۋان»دا چۈشەنچە بەرمىگەن.

بالاساغۇن شەھرى سۇغدىلار قۇرغان شەھەرلەردىندۇر . ئۇنىڭ تۈركلىشىش جەريانى مەھمۇد كاشغەريي دەۋرىدە تېخى ئاخىرلاشمىغان بولۇپ ، ئىسغجاپ ، تالاس ھەم بالاساغۇن شەھرىنىڭ ئاھالىلىرى سۇغدىچە ھەم تۈركچە سۆزلىشەتتى . ئۇرخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدىكىگە ئوخشاش .«دىۋان»دىمۇ سۇغدىلارنى سۇغدات دەپ ئاتىغان ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دېگىنىگە ئاساسلانغاندا ، ئۇلار سەمەرقەند ھەم بۇخارا ئوتتۇرىسىدىكى سۇغدىلار يېرىدىن كەلگەن كىشىلەردۇر . سۇغدىلار تۈركچە كىينەتتى ھەم تۈركلەرنىڭ ئادىتىنى قوبۇل قىلغاندى») دىۋان ـ 319 ، ا«بەت) ئىسغجاپتىن بالاساغۇن شەھرىگىچە بولغان رايون ئارغۇ دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ ئىسىم باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇچرىمايدۇ . مەھمۇد كاشغەرىي ، ئارغۇ ئادەتتە ئىككى تاغ ئارلىقىدىكى چىغىر يولنى كۆرسىتىدۇ ، دەپ بايان قىلىدۇ . ئېنىقكى ، ئارغۇ رايونى ئالېكساندىر لوفىس تېغى (چۇ دەرياسى ھەم تالاس ئارلىقىدىكى تاغ تىزمىسى (بىلەن چۇئىلى تاغ تىزمىسى ئارلىقىغا جايلاشقاچقا ، مۇشۇ ئىسىم قويۇلغان . بالاساغۇن شەھرىنىڭ شەرقىدىكى سوغدىلار تىلىغا ئېلىنمىغان . مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىدە ئارغۇ رايونىدىكى سۇغدىلار ئەلۋەتتە ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرىدىن ئىدى . مەھمۇد كاشغەرىي سۇغدىلارنىڭ تۈركلەردىن بۇرۇن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ـ قىلمىغانلىقى ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تۈركلىشىشتىن ئىلگىرى ، تىل ھەم كىيىم ـ كېچەك ، مەدەنىيەت جەھەتتە تۈركلەرگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى توغرىسىدا توختالمىغان . شىنجاڭدىكى تۈركىي قەۋم بولمىغان ئەسلىدىكى

ئۇلتۇراق ئاھالىگە نىسپەتەن ئېيتقاندىمۇ ئوخشاشلا شۇنداق . مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان»غا ئاساسلانغاندا ، ئۇ دەۋرلەردە تۈركىي بولمىغان باشقا قەۋملەرمۇ يەنىلا بار بولۇپ ، ئۇلار كەنجەكلەر دەپ ئاتالغان) كەنجەك «دىۋان ـ 114 ،I«بەت). بۇ قەۋم باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇچرىمايدۇ ، ئەينى دەۋردە كەنجەكلەر تۈركلىشىپ بولغان ، بىراق يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى تىل قالدۇقلىرىنى ساقلاپ قالغان (بىر قىسىم سۆزلۈكلەر ھەم فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىك جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.)

ـ 10ئەسىرنىڭ ئاخىرى ، قەشقەر ئەمەس بەلكى بالاساغۇن شەھىرى ئىسلام دۇنياسى ـ سامانى سۇلالىسىغا يۈرۈش قىلدى . قەشقەر ئەينى دەۋردە تۈركلەر كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلغان شەھەر ئەمەس ئىدى . ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ھارۇن بۇغراخان ئىسفىجاپ ياكى سايرام شەھىرىنى ھۇجۇم بىلەن ئىگىلىۋالدى . سايرام قارىماققا بىر كىچىك تۈرك ھاكىمىيىتىگە ياكى تۈركلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى سۇلالىگە ئوخشاپ قالدى 992 . ـ يىلى ھارۇن بۇغراخان سەمەرقەند ھەم بۇخاراغا غەلىبىلىك يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ۋەزىيەت ئۇنى ۋاقتىنچە بۇئىككى شەھەرنى تاشلاپ بالاساغۇنغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى . شۇ يىلى ھارۇن بۇغراخان ئۆلۈپ كەتتى ، بىراق توققۇز يىلدىن كېيىن ماقۇللانغان تىنچلىق شەرتنامىسى بىلەن سامانى سۇلالىسىنىڭ زەرەپشان دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بارلىق زېمىنى قارخانىلار قولىغا ئۆتكۈزۈپ بىرىلدى .999 ـ يىلى قارخانىلار سۇلالىسى سەمەرقەند ھەم بۇخارانى قايتىدىن

ئىگىلىۋالدى .10 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا سامانى سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى گەرچە ئەجدادلىرىنىڭ ئىشلىرىنى قايتا گۈللەندۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ ، لېكىن تۈركلەرنىڭ ماۋرەئۈننەھرى رايونىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتەلمىدى .

قاراخانىلار سۇلالىسى ئامۇ دەرياسى ۋادىسىدا توسۇلۇپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىدى ، ئۇلار ئارقىدىنلا مەھمۇد غەزنەۋى سۇلالىسىغا ھۇجۇم قىلدى . مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ تارىخچىلىرى بۇ ئىش توغرىسىدا ، تۈركلەرنى كۆزى كىچىك ، پاناق بۇرۇن كېلىدۇ دەپ تەسۋىرلەپ ھەددىن قالدۇرۇشتى (بارتولد « تۈركىستان» 151 ـ بەتتىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغان ) ، بۇ بىر ھەددىن تۈركلەر موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ ئەمەس دېگەن قاراشقا قارشى قويۇشقا بولىدىغان كۈچلۈك ئىسپات.

ئىران رايونىدىكى تۈركلەر بىلەن بولغان كۆرەشكە ئىرانلىقلار ئەنئەنىۋى قارشى بويىچە باھا بەرگەن بولۇپ ، بۇ دەۋردە ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»سى مەيدانغا كەلگەن . بۇ كىتاب سامانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان بولسىمۇ ، لېكىن مەھمۇد غەزنەۋى دەۋرگە كەلگەندىلا ئاندىن كىشىلەر بايقىغان. كىتابتا ئىرانلىقلار ھەم تۇرانلىقلارنىڭ ئۇرۇشى كەڭ دائىرىدە تەسۋىرلەنگەن . 6 ـ ئەسىردە تۈركلەر مەيدانغا كەلگەندىن باشلاپ ، تۇران دېگەن سۆز تۈركىستان ، يەنە تۈركلەر زېمىنى دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان . بۇ ئۇرۇشلاردا گەرچە تۇرانلىقلارنىڭ قەھرىمانىنىڭ ئىسمى ساپ ئىرانچە بولسىمۇ ، لېكىن ھەممىسى يەنىلا تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن . بۇ

ئەنئەنە قاراخانىلار سۇلالىسىگىمۇ سىڭىپ كىرگەن ، چۈنكى قاراخانىلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماستىن ، يەنە ئىران داستانچىلىقىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان ، ئۇلار رىۋايەتتىكى تۇران قەھرىمانىنىڭ ئىسمىنى گەرچە گەرچە ئۇ تۈركچە ئىسىم بولمىسىمۇ ، ئۆزىنىڭ ئاتىغنى بويىچە ئافراسىياپ ، دەپ ئاتىغان . بىز تۇنجى بولۇپ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىدىن ، تۈرك قەدىمقى قوشقىدىكى ئالىپ ئەر تۇڭا بىلەن ئافراسىياپنىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىگىنى بىلدۇق . مەھمۇد كاشغەريي «دىۋان»دا بىر قىسىم خەلق قوشقىنى نەقىل كەلتۈرگەن ھەم ئۇنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان . ئۇ تەرجىمىدە ئالىپ ئەرتۇڭانى ئافراسىياپ دەپ تەرجىمە قىلغان ( « دىۋان ـ 44، ا، «بەت . ) ئافراسىياپ توغرىسىدىكى پارسلارنىڭ رىۋايىتىدە، ئافراسىياپ تۈركىستاندىكى مەلۇم بىر جاي بىلەن باغلانغان بولۇپ، قەشقەر ئافراسىياپنىڭ خانلىق پايتەختى(«دىۋان ـ 288، ا، «بەت) ھەم بارچۇق شەھرىنى ئافراسىياپ قۇرغان دېيىلگەن. يەنە قەھرىمان بىزېن (Bizen)بارچۇقتا دەپنە قىلىنغان ، دېيىلگەن (« دىۋان ـ 318، ا، « بەت). پارسلارنىڭ داستانىغا ئاساسلانغاندا ، ئۇ ئافراسىياپنىڭ قىزى بىلەن يوشۇرۇن توي قىلغان ،ئافراسىياپ ئۇنى بايقاپ قالغان ھەم بۆيرۈق بىلەن قۇدۇقتا تاشلىۋەتكەن ، رۇستەم ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالغان . ئېنىقكى فىردەۋس ھەم ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن دەقىقى (سامانى سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان) تۇرانلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى شۇ دەۋردىكى تۈركلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن ئالغان . بۇ بىر نۇقتىغا ئالاقىدار مىساللاردىن شەھەر ھەم ئوخشاش بولمىغان تۈركيي قەۋملەرنىڭ ئىسمى

بار بولۇپ ، تۈركىي يېزىقى خەتتى پەيغۇى (hatti paighevi)تىلغا ئېلىنغانpaighu .دېگەن بۇ سۆزمۇ باشقا سۆزلەرگە ئوخشاشلا ، ئۇرخۇن مەڭگۈ تېشىدىكى يابغۇ(yabghu)دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولسا كېرەك. بۇ نامنى قارلۇق ھۆكۈمرانلىرى ئىشلەتكەن.
بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى خوتەننىڭ بويسۇندۇرۇلۇشى قەشقەر ھۆكۈمرانى يۈسۈپ قادىرخان (ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئوغلى)بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، گەردىزىنىڭ خوتەن توغرىسىدىكى خاتىرىسىدە (خاراخانىلار سۇلالىسى بۇ جاينى بويسۇندۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتقا مەنسۇپ بولسا كېرەك ، (خوتەندىمۇ خرىستىئان چېركاۋلىرى ھەم بىر قىسىم مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىنىڭ بارلىقى بايان قىلىنىدۇ (بارتولد ، ئوتقىت تېكىستى ، 94 ـ بەت ) . بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدىكى ، ئۇ يەرگە بۇددا دىنى مەزگىلىدىلا ئاللىبۇرۇن ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرىپ بولغان.
مەھمۇد غەزنەۋى سۇلالىسىنىڭ مۇسۇلمان قاراخانىلار سۇلالىسى بىلەنلا مۇناسىۋىتى بولۇپ قالماستىن ، گەردىزىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا ، ـ 1026يىلى ئىككى دىنسىز تۈرك خانىنىڭ ۋەزىرلىرى مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ يېنىغا كەلگەن ھەم قۇدىلىششىنى تەلەپ قىلغان (گەردىزى » ،تۈركىستان»غا قاراڭ ، 286 ـ بەت) . ئەپسۇسلىنارلىقى ، ئۇ ئىككى خان ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان جاي ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن . شۇ قېتىمقى ئەلچىلىككە بىرىش ۋەقەسى يەنەXIV ئەسىردە كىتاب قىلىنغان جامالىدىن ئىبن ماخانانىڭ پارسچە ، تۈركچە ھەم مۇڭغۇلچە لۇغىتىدە ئۇچرايدۇ (گىبك شېمىن : «لياك سۇلالىسى خەت چەكلىرى»

گە ئاساسلانغاندا ، تەپپىڭنىڭ 4 ـ يىلى ، يەنى 1024 ـ يىلى لياۋ خاقانى ئاففانىستانغا ئالچى ئەۋەتكەن ، ئەلچى شىنزۇڭنىڭ خېتىنى شۇ يەردىكى خانلىققا ئېلىپ بارغان بولۇپ ، دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن قۇدىلىشىشنى تىلغا ئالمىغان. )

ئىبن ماخاننا 12 مۆچەل ئۈستىدە توختالغاندا ، تېۋىپ مەرۋىزنىڭ (شاھ زامان ئەل مەرۋىزى (ئاللىبۇرۇن يوقالغان «ھايۋانلار توغرىسىدا تەھلىل» دېگەن كىتابىدىن ( گېلىك شېمىن : ئۇ كىتاب ھازىر تېپىلدى ،مىندىرسكىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى بار) نەقىل كەلتۈرۈپ ، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى «جۇڭگۇ خانى ھەم تۈرك ھۆكۈمرانى »دىن خەت تاپشۇرۇۋالغان ۋاقت ھىجرىيە 418 ـ يىلى= مىلادىيە 1027 ـ يىلى ئىدى ، دەيدۇ . خەت يېزىلغان ۋاقت چاشقان يىلى (1024 ـ يىلى) 5 ـ ئاي ئىدى . گەردىزى ئەلچىلىككە بارغان ئىش ئۈستىدە ھىجرىيە ـ417يىلى = مىلادىيە 1026 ـ يىلى دەپ خاتىرە قالدۇردۇ ، تېۋىپ مەرۋىزى بولسا بۇ ھىجرىيە 418 ـ يىلى = مىلادىيە 1027 ـ يىلقى ئىش دەپ بايان قىلدۇ . چاشقان يىلى مىلادىيە 1024 ـ ياكى 1036 ـ يىلغا باراۋەر كېلىدۇ.

قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى رايونىنىڭ چېگرىسىنى پەقەت مەھمۇد قەشقىرىنىڭ كىتابىدىن كۆرەلەيمىز ، شۇ نەرسە بىزگە ئايانكى ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت رايونى ئاساسلىقى ئىككى سودا يولىغا جايلاشقان بولۇپ ، شىمالىي سودا يولى كۇچا ھەم تۇرپانغا تۇتىشاتتى ، جەنۇبىي سودا يولى خوتەندىن

لوپنۇرغا تۇتىشاتتى . تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلاتتى . مەھمۇد قەشقىرى ئۆسمى تارىم بولسا ئىسلام دىنى دۆلىتىدىن ئۇيغۇرلار زېمىنىغا ئېقىپ كىرىدىغان چوڭ دەريا ھەم ئۇ قۇملۇققا ئېقىپ كىرىپ يوقايدۇ ، دەپ بايان قىلغان («دىۋان» ـ 116،ا،بەت) . 11 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنى تېخى تۇرپان ، لوپنۇرغا يېتىپ بارمىغان بولۇپ ، ئىسلام دىنىنىڭ شىمالىي چېگرىسى كۇچا») دىۋان ـ 339،ا، «بەت) ھەم بۇگۇر (يۇقىرىقى كىتاب ، 301 ـ بەت) ، جەنۇبىي چېگرىسى چەرچەن شەھىرى) يۇقىرىقى كىتاب ، 364 ـ بەت) ئىدى.

يەنىمۇ شەرقتە ئۇيغۇرلار ئېلى بولۇپ، ئۇنىڭ خانى كۆل بىلگە خان دەپ ئاتىلىدۇ، دەپ بايان قىلىنغان(«دىۋان»358ـ بەت) بىراق مەھمۇد كاشغەرىي بۇ جايدا«)Kana yusamma ئاتاپ ئادەتلەنگەن دېگەن مەنىدە) دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن بولۇپ ، بۇ ئەرەبچە سۆز بۇ نامنىڭ ئۆتمۈشنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ . مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىدە ئۇيغۇر خانىنىڭ قانداق ئاتالغىنىغا كەلسەك، بۇ بايان قىلىنمىغان . ئۇنىڭدىن باشقا ، مەھمۇد كاشغەرىي كۈل (kul) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلمىگەچكە ، ئۇنى كۆل (kol)بىلەن باغلاپ قويغان (گېك شىمن : قەدىمكى تۈرك تىلىدا «كۈل«(kul)نىڭ »شەرەپلىك دېگەن مەنىسى بار ئىدى ، كۆل (kol) بولسا كۆلنى كۆرسىتەتتى.

مەھمۇد كاشغەرىيمۇ ئىسلام مۇخلىسلىرىنىڭ خوتەننى بويسۇندۇرغانلىق ئىشىنى بىلەتتى ئۇ ئۆز» دىۋان» ىدا بۇ بىر نۇقتىنى كۆرسىتىپ

ئۆتكەن.«دىۋان»دا جىنكشى(كىيىنكى چىڭگىزخان ئەۋلادىنىڭ بىرسىنىڭ ئىسمىمۇ مۇشۇنداق)دېگەن ئىسمنى تىلغا ئالغاندا ، خوتەن ئەمرى مۇشۇنداق ئاتىلىدۇ ، دەل شۇ كىشى خوتەننى بويسۇندۇرغان دېيىلىدۇ( « دىۋان ـ 279 ،III، «بەت)، دېگەن.

»دىۋان»دا ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا ئالاقىدار نۇرغۇن قوشاقلار بار ( ك.بولكمان: «قەدىمكى تۈرك قوشاقلىرى»I، «شادنى خاتىرلەش ئۈچۈن چىقىرىلغان ماقالىلەر توپلىمى»1 ـ بەت). ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلار ئۇستىدە توختالغاندا، ئۇيغۇرلار بىلەن بۇددا دىنى باغلاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنغان .ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىكى بۇددا راھىبنى ئىپادىلەيدىغان تويىن (toyin) دېگەن سۆز ھەم بۇددا دىنى كىتابلىرىنى ئاتاشقا ئىشلىتىلگەن نوم (nom) دېگەن سۆزنىڭ كېيىن موڭغۇللار ئارىسىدا تارقىلىپ كىرگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئىشنى 13 ـ ئەسىردىكى پارس تارىخچىسى جۇۋەينىمۇ بىلەتتى . مەھمۇد كاشغەريي ، نوم دېگەن بۇ سۆز ھەر قانداق دىنىي كىتابنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ كىتابلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ( « دىۋان ـ 100 ،III، «بەت)، دەپ بايان قىلغانىدى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىدا ، ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنى ھەم خرىستىئان دىنىغا ئىشەنگەنلىكى توغرىسىدا ماتېرىيال يوق . پەقەت مەھمۇد كاشغەرىينىڭ باچاق (baqak)دېگەن سۆزنى«خرىستىئان دىنىنىڭ روزا كۈنى»( «دىۋان ـ I.345، «بەت)دېگىنىگە قارىغاندا ، تۈركلەر ئارىسىدىمۇ خرىستىئان مۇخلىسلىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، بۇ سۆز يەنە تۈركچە مانى دىنى يادىكارلىقلىرىدىمۇ

ئۇچرايدۇ، ئۇ « مانى دىنىنىڭ روزا كۈنى « دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (لىكوك:«مانى دىنى تۆۋە دۇئاسى Tuanift chuas«قا قاراڭ)،دەپ چۈشەندۈرگەن .قىزىقارلىقى ، قاراخانىيلار سۇلالىسى مۇسۇلمان ئىرانلىقلار ھەم دىنسىز ئۇيغۇرلارنى ئوخشاشلا تات«) (tat) دىۋان ـ 224، II،« بەت) دەپ ئاتىغان . بۇ سۆزنىڭ كېلىش مەنبەسى ئۈستىدە ھازىر تالاش ـ تارتىش بار . مىللەتشۇناسلىقتا ، بۇ سۆز ھازىر كاۋكازدىكى ئىران ـ تۈرك ئارلاشما تىلدا سۆزلىشىدىغان يەھۇدىلارنى ئاتاشقا قوللىنىلىدۇ(گېك شىمىن: تات تىلى بىر خىل ئىران تىلى بولۇپ ، ئۇ ئىران تىلىنىڭ غەربىي تارمىقىغا مەنسۇپ)، بۇ سۆز ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركمەنلەر ئارىسىدا يېزا مەدەنىيىتىگە ئىگە كىشلەرنى ئاتاشقا ئىشلىتىلىدۇ (شۇالىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). بۇ سۆز 11 ـ ئەسىردىمۇ مۇشۇ مەنىدە قوللىنىلغان، بولمىسا ئوخشاش بىر سۆزنىڭ نېمە ئۈچۈن بىرلا ۋاقىتتا ئىرانلىقلار ھەم ئولتۇراق تۈرك ئۇيغۇرلىرىنى ئاتاشقا قوللىنىلغانلىقىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ .

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىدا ئاز بولمىغان ئۇيغۇر شەھەرلىرىگە ئالاقدار ماتېرىياللار بار بولۇپ ، گاۋچاڭ(قۇجۇ)شەھەر ئىسمى، شۇنداقلا پۈتكۈل رايوننىڭ نامى(«دىۋان ـ 180 ، ـ 165، III،«بەت ). ئۇرخۇن مەڭگۈ تېشى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەممىسىدە قۇجۇ شەھرى تىلغا ئېلىنغان ، بۈگۈنكى تۇرپاندىكى قاراخوجا، ئىدىقۇت شەھرى خارابىسى( « ئۇيغۇر پادىشاھىنىڭ شەھرى»دېگەن مەنىدە) ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبى رايونىدىكى مۇھىم شەھەرلەر ئىدى. شىمالىي قىسمىدا ئاساسلىق شەھەر بەشبالىقتىن باشقا سۈلمى، جانبالىق، يېڭى

بالىقتىن ئىبارەت ئۈچ شەھەر بار ئىدى . مانى دىننى قوبۇل قىلىپ 300 يىلدىن كېيىنمۇ ، ئۇيغۇرلار يەنىلا باتۇرلۇقتىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ قويمىدى. ئوقيا ئېتىش، ئۇرۇشقا ماھىرلىق جەھەتتە ، ئۇيغۇرلار باشقا دىنسىزلاردىن ئېشىپ چۈشەتتى«دىۋان ـ 103، I، (بەت.)

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنى مۇخلىسلىرىنى چۇماق دەپ ئاتىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز («دىۋان ـ 319، I، «بەت). جەنۇبىي روسىيە يايلىقىدا ، بۇ سۆز «ھارۋىدا مال ساتقۇچى سېتىقچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇيغۇرلار رايونىدا ، ئىسلام مۇخلىسلىرى ئۇمۇمەن سودىگەرلەرگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

مەھمۇد كاشغەريي ئىلى دەرياسى ھەققىدە توختالغاندا ، مەلۇم بىر خاننىڭ ئۇۋغا چىققاندا قوغلىغان ھايۋانلىرىنىڭ ئىلى دەرياسىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈپ ، شۇ ئارقىلىق 12 مۆچەلنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى ھېكايە قىلىدۇ(«دىۋان ـ 289، I، «بەت.)

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ « دىۋانى لۇغەتىل تۈرك» ناملىق كىتابى باغدادتا يېزىلغان بولۇپ ، ئۇ كىتابىنى ھىجرىيە 466 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ، يەنى مىلادىيە 1073 ـ يىلى 9 ـ ئايدا يېزىشنى باشلىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان . بىراق، ئىككى نۇقتا بۇ ۋاقىت ئۈستىدە كىشىنى گۇمانلاندۇرىدۇ : بىرىنچىسى، ئۇنىڭدا خەلىپە مۇقتەدى تىلغا ئېلىنغان. بىراق ئۇ ھىجرىيە 467 ـ يىلى=مىلادىيە1075ـ يىلى خەلىپىلىك ئورنىغا ئولتۇرغان ؛ ئىككىنچىسى، 12 مۆچەل بويىچە يىل خاتىرلىگەندە

، يىلان يىلى ، يەنى 1077 ـ يىلى دەپ خاتىرلەنگەن«دىۋان» نىڭ خاتىمىسىدە ، ئۇ ھىجرىيە 464 ـ يىلى 5 ـ ئاي= مىلادىيە1072 ـ يىلى1 ـ ، 2 ـ ئايلاردا «دىۋان»نى يېزىشنى باشلاپ ، تۆت قېتىم ئۆزگەرتىش ھەم كۆچۈرۈش ئارقىلىق، ھىجرىيە 466 ـ يىلى6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى=مىلادىيە 1074 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى«دىۋان»نى تاماملىغانلىقنى بايان قىلغان ، يەنى ئۇ «دىۋان»نى تەقدىم قىلىدىغان خەلىپە خەلىپىلىك ئورنىغا ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن «دىۋان»نى پۈتتۈرگەن . بۇ ۋاقىت جەھەتتىكى قارمۇ ـ قارشىلىقنى ياخشى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. بىراق كۆچۈرمە نۇسخىسىدا كونكرېت ۋاقىت (ھىجرىيە 644 ـ يىلى10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى=مىلادىيە1266 ـ يىلى8 ـ ئاينىڭ1 ـ كۈنى) خاتىرلەنگەن . ئۇنىڭدىن باشقا ، كۆچۈرگۈچىنىڭ دېگىنىگە ئاساسلانغاندا ، ئۇ كۆچۈرمىنى يازغۇچىنىڭ ئەسلىي ئەسەر نۇسخىسىغا ئاساسەن كۆچۈرگەن ، نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، يازغۇچىنىڭ 11 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بۇ ئەسەرنى تاماملىغانلىقىغا قىل سىغمايدۇ.

يازغۇچى ئۆزىنىڭ كېيىن نېمە ئۈچۈن باغدادقا كۆچۈپ كەلگەنلىكى ئۈستىدە توختالمىغان، كىتابتىن پەقەت ئۇنىڭ ھەر قايسى تۈركلەر رايونىنى ئايلىنىپ چىققانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئۇ تۈركىي تىللىرى مۇتەخەسسىسى، ئۇ تۈرك تىلى ، تۈركمەن تىلى ، ئوغۇز تىلى ، چىگىل تىلى، ياغما تىلى ھەم قىرغىزتىلىنى تەتقىق قىلغان. كىتابتىكى ماتېرىياللاردىن ئۇنىڭ ئانا تىلىنىڭ ئەرەب تىلى ياكى تۈرك تىلى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولمايدۇ . يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئەرەب تىلىغا

پىششىق ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان ، بىراق ، كىتابىنىڭ بىر قانچە يېرىدە ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ تۈركلەردىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن . يازغۇچى ئۆزىنى ئۇچىنچى شەخس بىلەن بايان قىلغان ، بەزىدە ئىسمىنىڭ ئالدىغا» كىتابنىڭ مۇئەللىپى» دېگەن سۆزلەرنى قوشۇپ قويغان ياكى ئاددىيلا قىلىپ ئۆزىنى مەھمۇد دەپ ئاتىغان ، گۇمانلىنىشقا ئاساسىمىز يوقكى ، كىتابتىكى مەھمۇد دەپ تىلغا ئېلىنغانكى جايدا كۆرسىتىلىدىغىنى يازغۇچىنىڭ ئۆزىدۇر. تۆۋەندىكى جۈملە يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە ئالاقىدار باياندۇر» :مەھمۇدنىڭ ئاتىسى ئىسسىق كۆلنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى بارسخان شەھىرىدىن»( «دىۋان ، « ـ 308 ، IIIبەت ). بارسخان شەھىرىنىڭ ئورنى ئىلگىرى بېكىتىلىپ بولغان . گەردىزى شۇنداق بىر رىۋايەتنى بايان قىلىدۇ : ئالىكساندىر ماكىدونىسكى بىرىنچى قېتىم جوڭگوغا يۈرۈش قىلغاندا ، ئۇ پارس ئەسكەرلىرىنى بارسخاندا شۇ يەرنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ ، قايتاردىدا ئۇلارنى ئېلىپ كېتىشكە ۋەدە بېرىدۇ، بىراق، كېيىن ئۇ ھىندىستان ئارقىلىق غەربكە قايتىپ، ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ . گەردىزىنىڭ چۈشەندۈرۈشگە ئاساسلانغاندا ، بارسخان» پارسخان (pars+Han)« دېگەن مەنىدە .

ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى بارسخان توغرىسىدا ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىدا ئىككى خىل چۈشەندۈرۈش بار : بىرى، ئافراسىياپنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى ، يەنە بىرى ، ئۇيغۇر خانىنىڭ ئېتىنىڭ ئىسمى . كېيىنكىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بىراقلا ئىسسىق كۆلگە يېتىپ كەلگەنلىكى چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ ، تاكى 11 ـ ئەسىرگىچە كىشلەر بۇ ۋەقەنى

ئېسىدە ساقلىغان .

يەنە باشقا بىر جەھەتتە»)، دىۋان ـ 102 ، I،«بەت)مۇنداق خۇلاسىگىمۇ كېلىش قالىمىز ؛ مەھمۇد كاشغەرىي تۈرك بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى قارخانىلار سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىن بولىشى مۇمكىن . مەسىلەن ، مۇنداق جۈمىلەر بار : «مەھمۇد ، كىتابىنىڭ مۇئەللىپى ئېيتىدۇكى: ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئەمىر (Emir)دەپ ئاتىلىدۇ، بىراق ئوغۇزلار( Emir) نى تەلەپپۇز قىلالمايدۇ .» ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ :« ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئۇرۇش قىلىپ سامانىلار ۋارىسلىرىنىڭ قولىدىن تۈركلەر زېمىنىنى تارتىۋالغان .» بەلكىم بۇ يەردە ئېيتقىنى يازغۇچىنىڭ ئۆزى ئەمەستۇر ، يەنە ئالدىنقى نەقىلدىكى بايانلارغا قايتساق ، ئۇنىڭدا «Toghan Tegin ibn Muhammad Qakir Tonka Han»: ( «Nizam ad_din israfil»دادىسىنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسەن ، ماڭا دەپ بېرىشچە)»دېيىلگەن . ئۇ يەنە قۇماق (kumak)ئاتلىق بىر ئەمىرنىڭ نامىنى تىلغا ئالغان بولۇپ ، ئۇ ئىلگىرى ئۇنىڭغا بىر مەزگىل ھەمراھ بولغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىلى دەرياسى ۋادىسىغا ئولتۇراقلاشقان قەبىلىلەردىن تۇخسى، ياغما ھەم چىگىللارمۇ ئىسلام مۇخلىسلىرىدىن بولسا كېرەك . ئەينى دەۋردىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇللۇق بازىسى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىغا ، يەنى بالقاش كۆلگە يېقىن رايونغا جايلاشقان(«ئىسلام ئېنسكلوپېدىيىسى ـ 649 ، I،«بەت) . بالقاش كۆلى تەرىك كۆل (Taring ـ kul)ياكى تارىك كۆل (Taring ـ kŏl) »)چۇڭقۇر كۆل»دېگەن مەنىدە) دەپمۇ ئاتىلىدۇ . («دىۋان ، III ،«

ـ 99بەت ) كۆلدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئىككى ئۆگۈز ، (ikiuguz)يەنى «قوش دەريا»دېگەن مەنىدە بىر شەھەر بولۇپ ، ئۇ ئىلى دەرياسى بىلەن باشقا بىر دەريا يافىنچ (yafinq) نىڭ قوشۇلىدىغان جايدا بولغاچقا ، مۇشۇ نام قويۇلغان («دىۋان ،I،» ـ 58بەت) . بىراق «دىۋان»غا قوشۇمچە قىلىغان خەرىتىدە يافىنچ دەرياسى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ، ئىككى ئۆگۈز ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىغا سىزىلغان . 1253 ـ يىلى ياۋروپالىق ساياھەتچى رۇبرۇكس (Rubruquis)ئىلى دەرياسىدا ئىكۇس (Equius)شەھىرىدىن ئۆتكەن . بۇ شەھەر بەلكىم ئىككى ئۆگۈزنىڭ لاتىنچە قوشۇپ يېزىلىشى بولىشى مۇمكىن . ئىككى ئۆگۈز شەھىرىگە يېقىن جايدا يەنە قاملانجۇ»(Kamlanqu)دىۋان ـ 184 ، III ،«بەت( دېگەن بىر شەھەر بار. كۆمى تالاس شەھىرىمۇ مۇشۇ رايوندا ، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ چېگرىسىدا ئىدى. «دىۋان»غا قوشۇمچە قىلىنغان خەرىتىدە ، ئۇ ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالى قىرغىقىغا سىزىلغان ، بىراق باشقا جايدا («دىۋان ـ 177 ، III ،«بەت ) بۇ شەھەر ئۇيغۇرلار چېگرىسىغا جايلاشقان ، دېيىلگەن . يەنىمۇ شىمالدا يامار (yamar)دەرياسى بولۇپ ، بۇ دەريا ئېمىل (Emil)دەرياسى① بولىشى مۇمكىن، يەنى ئۇنىڭ ئورنى بۈگۈنكى چۆچەكتە ، يەنە بۇ جايغا يابۇقۇ (yabuku)لار ئولتۇراقلاشقان »دېيىلگەن . ياباقۇلارنىڭ ئىسمىغا ئالاقىدار ئىسلام مۇخلىسلىرىنىڭ دىنسىزلارغا قارشى ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشى ھەققىدە رىۋايەت بار ، ئۇنىڭدا ئارسلان تېكىن قوماندانلىق قىلغان 40مىڭ مۇسۇلمان ئەسكەرلىرى بۈگى بۇدراچ (Buge Budraq)

قوماندانلىقىدىكى 700 مىڭ دىنسىز ئۇستىدىن غالىپ كەلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ . بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئەھۋالى بايان قىلىنغان قوشاقلاردا ئىلى دەرياسى ھەم يامار دەرياسى) ئېمىل دەرياسى؟) دىن ئۆتكەنلىكى خاتىرلەنگەن . يەنە بۇ قېتىمقى جەڭدە باسمىللارنىڭ دىنسىزلار تەرەپتە تۇرغانلىقى بايان قىلىنغان . مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنى تىلغا ئالغىنىغا قارىغاندا ، بۇ ئۇرۇش «دىۋان» يېزىلىشتىن سەللا بۇرۇن يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن . بىراق ، ئۇرۇشقا قاتناشقانلار سانىنىڭ بۇنچە كۆپ بولىشى ، كۆچمەن چارۋىچىلار رايوندا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش .

مەھمۇد كاشغەرىي يابۇقۇلار ساپ تۈركىي قەبىلىگە مەنسۇپ ئەمەس ، دەيدۇ . يازغۇچى يەنە ، ئۇلارنىڭ ئۆز تىلىدىن باشقا ، تۈرك تىلىنىمۇ بىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ . باسمىللارمۇ مۇشۇ خىلدىكى (ساپ تۈركىي قەبىلە بولمىغان)كىشىلەرگە مەنسۇپتۇر. ئۇرخۇن مەڭگۇ تېشىغا قارىغاندا ، باسمىللار شىنجاڭنىڭ بەشبالىق رايوندا ئولتۇراقلاشقان قەبىلە بولۇپ ، ئۇ يەرنى كېيىن ئۇيغۇرلار ئىگىلىگەن.

ساپ تۈركىي ئۇرۇقىدىن بولمىغانلاردىن يەنە تاتارلار تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى 97 نام ) ئۇرخۇن مەڭگۇ تاشلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ) موڭغۇللارنى كۆرسىتىدۇ . باشقا بىر قىسىم قەبىلىلەرمۇ موڭغۇللار بولىشى مۇمكىن ، بۇ قەبىلىلەر ساپ تۈركلەر ئەمەس دەپ رەتكە تىزىلغان بولۇپ ، بۇنىڭ ئېچىدە ياباقۇلارمۇ بار . ئەگەر شۇنداق بولسا ، ئۇنداقتا ، موڭغۇللار مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىدىلا غەربتە ئەتراپى تۈركىي قەبىلە بولغان رايونغا يېتىپ بېرىپ بولغان بولىدۇ .

يىنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىدىكى قىرغىزلار ئەينى دەۋردە ساپ تۈركلەردىن دەپ قارالغان ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ سۆزىمۇ موڭغۇللارنىڭ تۈركلەرنى موڭغۇلىيەدىن قوغلىۋەتكەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىتنى دەلىللەيدۇ . ئۆتكەن تاغ ئۇرخۇن مەڭگۈ تاشلىرى دەۋرىدە ، تۈرك قاغانىنىڭ چىدىرى بار جايدا ئىدى ، دېيىلگەن . بىراق ، مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىدە «تاتار يايلىقىغا ،ئۇيغۇرلار رايونىدىن يىراق بولمىغان جايغا جايلاشقان» («دىۋان ـ 123 ، I ،«بەت)دېيىلگەن. موڭغۇل يايلىقىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەڭ ئاخىرقى تۈركىي قەۋم قىرغىزلاردۇر . خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ، قىرغىزلار 840 يىلى ئۇيغۇر خانلىقىنى يوقاتقان . قىرغىزلارنىڭ موڭغۇلىيەدىن قوغلىنىشى 10 ـ ئەسىردىكى موڭغۇل ئۇرقىدىن بولغان كىدانلارنىڭ كۆچىيىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىشى مۇمكىن . ئۇلار جۇڭگونىڭ شىمالىدا بىر كۈچلۈك خانلىقنى قۇردى ھەم ئۇ خانلىقنى ئۆز نامى بىلەن ئاتىدى . ھازىر كىدان (قىتاي) دېگەن بۇ سۆزنى موڭغۇللار ، رۇسىيلىكلەر ھەم بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئىشلىتىدۇ ، بىراق غەربىي ياۋرۇپادىكىلەر ئىشلەتمەيدۇ . تۈركلەر ئەرەبلەرنىڭ جۇڭگونى (پارسچىدىكى ،Qinپارسچىدىكى Q ئەرەبچىدىكى S غا تەگداش كېلىدۇ( دەپ ئاتىشىنى قوبۇل قىلدى ، ئۇنىڭدىن باشقا ، شەرقتىن كەلگەن ئەڭ بۇرۇن ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدە ئۇچرايدىغان تابغاچ (Tabghaq)دېگەن نام (گېك شىمن : ئۇرخۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا بۇ سۆز «جۇڭگو»نى ئىپادىلەيدۇ ) قوبۇل قىلدى . مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىدە») دىۋان ـ 378 ، I ،«بەت)كىشلەر Sin بىلەن masin

جەنۇبىي جۇڭگونى كۆرستەتتى . پەقەت) «masin» جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدا) ئۇچۇن تابغاچ دېگەن نام قوللىنىلغان») دىۋان»دا تاۋغاچTavghaq دەپ يېزىلغان)، تاۋغاچ ياكى ماچىن» يۇقىرىقى چىن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ in . ئۆز مەنىسى ياكى ئوتتۇرا جۇڭگونى ئىپادىلەپ كەلگەچكە ، كىشلەر ھۆكۈمران قەۋمىنىڭ نامى كىدان ( Hitay ) نى ئاتىغان . تۆۋەندىكى Sin شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي رايوننى كۆرستىدۇ . ئېنىقكى Tavghai ، دېگەن سۆز باشقا مەنىدە قوللىنىلغان . جۇڭگو مەدەنىيىتىگە ھۆرمەت قىلغاچقا ، قاراخانىيلار سۇلالىسىمۇ Tavshai دېگەن بۇ نامنى قوللانغان . ئۇنىڭ مەنىسى «ئۇلۇغ ھۆكۈمران». بۇ نام قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تەڭگىسىدىمۇ ئۇچرايدۇ ، ئەرەبچىگە malikassin دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ (جۇڭگو خانى.(
»دىۋان»دا تاڭغۇتلارمۇ تىلغا ئېلىنغان ، ئۇلار 1020 - يىلى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى زېمىنىنى ئىگىلىۋالغان . بىلەن تاڭغۇتلارنىڭ ئارلىقىدا تۈركچە قاتۇن سىنى (Katun Sini)دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەھەر بار ئىدى ((«خانىش ھەيكىلى» ياكى «خانىش مازىرى» دېگەن مەنىدە ، («دىۋان - 240 - 101 ، III ،«بەت , Abmld Katun Sini zelki Walidiدېگەن بۇ ئىسىم بىروننىڭ «مەسئۇدى قانۇن رىسالىسى» دېگەن كىتابىدا ئۇچرايدۇ.(
ئومۇمەن ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بىر قىسىم شەھەرلەر توغرىسىدىكى قىسقا ئىزاھاتىدىن ، ئۇنىڭ قولىدا تېخى تارقالمىغان تارىخىي ماتېرىيالىلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۋالغىلى بولىدۇ . مەسىلەن ساغان

سمۇر (Sighun Samur)دېگەن جاي ئۇستىدە توختالغاندا ، ئۇ جايدا بۇغراخان زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن («دىۋان ـ 343 ، I ،«بەت ) دەيدۇ ، بىراق قايسى بۇغراخان ئىكەنلىكىنى ئېيتمايدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىدا توپلانغان تىل ماتېرىياللىرى نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر تۈرك قوشاقلىرى (خەلق ئارسىدىكى ھەم كىتابلاردىكى) ھەم نۇرغۇن مەدەنىيەت سۆزلۈكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ ماتېرىياللار بىزنى11 ـ ئەسىردىكى ھەر قايسى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشى ھەم گەرچە ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ ) ئۇيغۇرلار ئۇنىڭ سىرتىدا)، لېكىن ئىسلام دىنى بولۇپمۇ ئىران تەسىرىنىڭ تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىسى ئۇستىدىن پۈتۈنلەي غەلبە قىلالمىغانلىقى ، ئۇلارنىڭ مەنىۋي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ كۆرۈنىشى توغرىسىدا ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ . بۇ توغرىدا» دىۋان» دىكى بارلىق ماتېرىياللار ئۇستىدە تەپسىلىي توختالغىلى بولمايدۇ ) ك . بۇلىكمانىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى بىر يۈرۈش تەتقىقات ماقالىلىرىگە قاراڭ) . تۆۋەندە ئوغۇز قەبىلىسى ھەم غەربىي تۈركلەر ئۇستىدە توختالغاندا ، بىز يەنە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىدىكى قىممەتلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىمىز . مەھمۇد كاشغەريي نەقىل كەلتۈرگەن قوشاقلار ۋولگا دەرياسىدىن جۇڭگوغىچە بولغان كەڭ رايونلارغا مەنسۇپ ، ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ شەرقىي رايونغا ، قايسىسىنىڭ غەربىي رايونغا مەنسۇپلىقىنى ئېنىق بېكىتكىلى بولمايدۇ.

ئالتىنچى لېكسىيە (ئەسلى كىتاب 100 ـ 119 ـ بەتكىچە(

ـ 8 ـ 6ئەسىردىكى تۈرك خانلىقىدىن كېيىن ، تارىختا مەلۇم بولغان

ئوغۇزلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى غەربكە كۆچۈش ھەركىتى 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى پېچەنەكلەرنىڭ غەربكە كۆچۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . كۇنستانتىن خاقانى (ئۇ 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يازغان) بۇ ئىش 50يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن ، دەيدۇ. راشىدىن ھەم مەھمۇد كاشغەريي پېچەنەكلەرنى ئوغۇز قەبىلىسىگە مەنسۇپ دەيدۇ .

پېچەنەكلەر ناھايىتى بۇرۇنلا باشقا ئوغۇز قەبىلىلىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن بولۇپ،9 ـ ئەسىردىكى ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسلىرىنىڭ دېگىنىگە ئاساسلانغاندا ، ئۇلار كۆچۈشتىن ئىلگىرىلا ئوغۇزلاردىن بۆلۈنۈپ چىققان . ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇلار ھازارلارنىڭ شەرقىي قوشنىسى بولۇپ، ئۇلار جايىك (jayik)دەرياسى ۋادىسىغا ئولتۇراقلاشقان . 922 ـ يىلى ئىبن فادىل ئۇ جايدا قالدۇق پىبلارنى ئۇچراتقان، كېيىن پىبلار ھازارلار رايونى ئارقىلىق غەربكە كۆچۈپ ، جەنۇبىي روسىيە يايلىقىغا كەلگەن .

ـ 10ئەسىردىكى داڭلىق ئەرەب پەيلاسوپى فارابى تۈركلەردىن كېلىپ چىققان . قاراخانىيلار سۇلالىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتىپ ، كېيىن تەدرىجى ھالدا ئەرەب يېزىقىنى قوللانغان . قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تەڭگىسىدىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىبارىلەر ئۇچرايدۇ . كېيىنكى موڭغۇللار دەۋرىدىكى تەڭگىلەرمۇ ئوخشاش بولۇپ، ئىسمى ئەرەبچە بولسىمۇ ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا خاننىڭ ئىسمى يېزىلغان.

ئوتتۇرا ئاسىيادا قوللىنىلغان يېزىق بىلەن تۈركلەر قوللانغان يېزىقنىڭ (گېلىك شىمىن:ئەرەبچە يېزىقنى كۆرسىتىدۇ)تۈز شەكلى ئوخشاشمايدۇ . ئۇ بۇ نوقتىنى ئوغۇزلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئانچە بىلىپ

كەتمگەنلكى تەرەپتىن چۈشەندۈرگلى بولدۇ . ئوتتۇرا ئاسيا تۈركلرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقدا بارلق سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەشكە ئادەتلەنگەن . شۇڭا ، ئۇلار ئەرەب يېزىقنى ئىشلەتكەندىمۇ ئەرەبچە ئەلف ( ا ) ، ۋاۋ ( و ) ھەم يا ( ى ) ھەرپلرى ئارقلق سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلگەن، ئەمما ئالدىنقى ئاسيا تۈركىي تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلار ناھايىتى ئاز ئىپادىلەنگەن ، ھەتتا ئۆتكەن زامان ئۈچىنچى شەخستكى i مۇ دائىم di ئەمەس ، بەلكى dقلىپ يېزىلغان .

شەرقىي قسمدا ئىسلام دىنى مەدەنىيتىنىڭ تەسرىگە ئۇچرىمغان ، مەدەنىيەتلىك تۈركلەر ـ ئۇيغۇرلاردىن باشقا ، غەربىي شىمالدا نۇرغۇن كۆچمەن چارۋىچى تۈركلەر بار ئىدى .ئۇلار ئەينى چاغدا ئىسلام مەدەنىيتىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىمايلا قالماستىن ، ھەتتا ئىسلام دىنىنىڭ نىملكىنىمۇ بىلمەيتتى . 11 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ، ئېرتىش دەرياسىدىن باشلاپ ، زور تەرەققياتلارغا ئېرىشتى . ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدىكى قوۋمىنىڭ ئۆزگىرىشنى ئۇلارنىڭ ئىسمىدىكى ئۆزگىرىش ئارقلق بىلىۋالالايمز . ئۇرخۇن مەڭگۈ تېشىدا بۇ دەريا بىر قانچە يەردە تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ جايدا قايسى قوۋمىنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئەسكەرتىلمگەن . ئەينى دەۋردە غەربىي ئوغۇزلار ياكى تۈركەش خانىنىڭ زېمىنى ئېرتىش دەرياسىغىچە يېتىپ بارغان. ئېرتىش شۈبھىسىزكى تۈركچە ئەمەس . بۇ سۆز توغرۇلۇق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئارىسىدا ئازراق ئىزاھات بار . ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىرى كىماكلارنى ئېرتىش دەرياسىغا جايلاشقان دەيدۇ . بۇ قەبىلە

ئوغۇزلارنىڭ شىمالى ، غەربتە ۋولگا ياكى كاما (kama)غىچە بولغان كەڭ رايونلارنى ئىگىلىگەن ( ئەينى چاغدا كاما دەرياسى ئىتىل دەرياسى ، يەنى ۋولگا دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنى دەپ قارىلاتتى) ، كىماكلار قىپچاق ھەم ئەمەك(kəmə)لەردىن ئىبارەت بىر قانچە قەبىلىگە بۆلىنىدۇ . مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىدا كىماك دېگەن بۇ ئىسىم ئۇچرىمايدۇ . مەھمۇد كاشغەرىينىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا ، ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدا ئەمەكلەر ئولتۇراقلاشقان ، مەھمۇد كاشغەريي ئۇلارنى قىپچاقلارنىڭ بىر بۆلىكى دەپ قارىغان («دىۋان ،« ـ 273 ، ابەت .)

قىپچاقلار بىلەن بىرگە قاڭلىمۇ ( kangli )تىلغا ئېلىنغان بولۇپ ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىدا قاڭلى دېگەن بۇ سۆز قەبىلە نامى ئەمەس») دىۋان ـ280 ، III ،«بەت ) ، ئۇنىڭدا قاڭلى قىپچاقلار ئىچىدىكى بىر چوڭ شەخسنىڭ نامى دېيىلگەن . ئۇنىڭدىن باشقا ، بۇ سۆز توغرىسىدا مەھمۇد كاشغەريي«چوڭ ھارۋا» دېگەن مەنىسى بار دېگەن . پارس تارىخچىسى بەيھەقىنىڭ ئەسىرىدىن، قىپچاقلارنىڭ مەھمۇد كاشغەريي «دىۋان»نى يېزىشتىن كۆپ ئىلگىرى ، جەنۇبتا ئىسلام دىنى رايونى چېگرىسىغا يېتىپ بارغانلىقى ھەم خارەزىمنىڭ قوشنىسىغا ئايلانغانلىقىنى بىلىمىز . قىپچاقلارنىڭ جەنۇبقا كۆچۈشى بىلەن ئالاقدار ئىش ئېنىقكى ، مەھمۇد كاشغەريي تىلغا ئالغان («دىۋان ـ 317 ، I ،«بەت ) بۇلاق ياكى ئىلىك بۇلاق نامىدىكى تۈركىي قەبىلە بىلەن مۇناسىۋەتلىك . ئۇلارنى قىپچاقلار ئەسىرگە ئالغان بولۇپ ، ئۇلارغا خۇدا ياردەم قىلغاچقىلا قۇتۇلۇپ قالغان . بۇ يەردىمۇ

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسرىدىكى باشقا جايلارغا ئوخشاش ، بىر تارىخىي ۋەقە توغرىسىدىكى ئىش تېما قىلىنغان .

مۇنداق بىر نوقتا ئېھتىمالغا يېقىن ـ 11: ئەسىردىكى ئوغۇزلارنىڭ غەربكە، جەنۇبقا كۆچۈشى قىپچاقلارنىڭ بېسىمىدىن كەلگەن .بۇ ئارقىلىق ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىرى تىلغا ئالغان، ئوغۇزلارنىڭ 10 ـ ئەسىردە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كىشىلەر ئولتۇراقلاشمىغان مەنغايشلاق (manghyxlak)يېرىم ئارىلىنى ئىگىلىگەنلىكىدىن ئىبارەت ۋەقەنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. بۇ ئارال شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى تۈركمەنلەر ئىگىلىگۈچە ئوغۇزلارنىڭ قولىدا تۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ، تۈركمەنلەرنى شىمالدىن كەلگەن قازاقلار قوغلاپ چىقاردى .ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن بۇ ئارال قازاقىستانغا تەۋە بولدى ( بار تولد كېيىن تۈركمەنلەرنى 16 ـ ئەسىردە نوگيەر (Nogaier) لىكلەر بۇ ئارالدىن قوغلاپ چىقارغانلىقىنى، 17 ـ ئەسىردىن كېيىنكىلەرنى قارمۇقلار قوغلاپ چىقارغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.)

ـ 11ئەسىردىكى مىللەت ئۆزگىرىشىنىڭ ئىپادىسى؛ 10 ـ ئەسىردىكى ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسلىرى ئوغۇزلارنىڭ نامىغا ئاساسەن، غۇز يايلىقى دەپ ئاتىغان نام كېيىن قىپچاق يايلىقى) دەشتى قىپچاق) دەپ ئۆزگەرتىلگەنلىكىدە بولۇپ، بۇ جۇغراپىيىلىك نام قىپچاقلار قەبىلە بولۇپ مەۋجۇت بولمىغاندىمۇ، يەنىلا ئىسلام يازما يادىكارلىقلىرىدا ئىشلىتىلگەن ئىدى .بۇ بىر نوختا خۇددى ھازار خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىنمۇ قارا دېڭىز يەنىلا ھازار دېڭىزى دەپ ئاتالغاندەكلا ئىش ئىدى .شۇنىڭ بىلەن سىر دەرياسىدىكى ئوغۇز تېررىتورىيىسى ۋە جەنۇبىي

رۇسىيەدىكى پىچەنەكلەرنىڭ تېررتورىيىسى )ئۇلارنى ئوغۇزلار قوغلىۋەتكەن ) قىپچاقلارنىڭ ھەم ئۇلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە بولغان قاڭلىلارنىڭ قولىغا چۈشتى. نەتىجىدە، قىپچاقلارنىڭ تېررىتورىيىسى شەرقتىن غەربكىچە بولغان كەڭ زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇ كەڭ رايوننىڭ شىمالىدىكى ياياقلىمۇ ئۇلار ئىگىلىدى (ھازىرقى قازاقلارنىڭ تېررىتورىيىسىگە ئوخشاش). شىمالدىن باشلانغان مىللەتلەر كۆچۈشى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. غەرپتە، قىپچاقلار رۇسلار ھەم غەربىي ياۋروپالىقلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان بولسىمۇ، لېكىن مەيلى رۇسلار بولسۇن ياكى ياۋروپالىقلار بولسۇن ئوخشاشلا قىپچاق دېگەن بۇ سۆزنى بىلمەيتتى .رۇس يازما يادىكارلىقلىرىدا ئۇلار پولوۋسىر (polocer)دەپ ئاتالدى، غەربىي ياۋروپالىقلار بولسا ئۇلارنى كومان (komane)دەپ ئاتىدى. كومان دېگەن بۇ سۆز ئىسلام يازما يادىكارلىقلىرىدا ئۇچرىمايدۇ.

قىپچاق قەبىلىسى توغرىسدا، ماركورتنىڭ ئەسرى بار) بىنىگ ھەم ماركورتنىڭ؛ « شەرقىي تۈرك دىئالېكتى تەتقىقاتى» دېگەن كىتابىنى كۆرسىتىدۇ، بېرلىن، 1914 ـ يىلى .(ماركوت مۇسۇلمان يازغۇچىلىرى تىلغا ئالغان ئەڭ شەرقىي قىسمىدىكى ھۇن قەبىلىسىنى قىپچاقلارغا مەنسۇپ دەپ قارايدۇ، شۇنداقلا ھۇن دېگەن بۇ ئىسىمنى غەربىي ياۋروپالىقلار پىششىق بىلىدۇ. ماركورت مۇلاھىزىسىنىڭ ئەكسىچە، بىز مەيلى ئۇ تىلغا ئالغان شەرقتىن غەربكە كۆچۈش ھەركىتى بولسۇن ياكى ھۇنلارنىڭ ئۆزى ئۇستىدە بولسۇن دەلىل ـ ئىسپاتلار يېتەرسىز دەپ قارايمىز. گەردىزى، بۇ رايوندا، يەنى قىرغىزلارنىڭ شەرقىي قىسمىدا

(furi)دەپ ئاتىلىدىغان بىر قوۋۇم بار دەپ بايان قىلىدۇ. ئۇلار مەدەنىيەت جەھەتتە قىرغىزلاردىن تېخىمۇ قالاق بولۇپ (furi) ، دېگەن بۇ سۆز تۇرۇكچىدىكى (buri) بولۇشى مۇمكىن ، ماركورت ئاساسلانغان نۇرغۇن يازمىلاردا ، يەنى بىرونى ، ئا ئۇفىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ، مەن دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا (furi) دېگەن سۆز قوللىنىلغان .كېيىنكى باياننى قوبۇل قىلغىلى بولۇشى مۇمكىن (kuri دەپمۇ ئوقۇلىدۇ، بارتولد: «جىرجىسلار» دېگەن ئەسەرگە قاراڭ، فرونزې ـ 1927 ،يىلى، 23 ـ بەت). ماركورتنىڭ تۆۋەندىكى بايانلىرىنىڭمۇ قايىل قىلىش كۈچى ئاجىز :ئۇ خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن قىپچاقلار (يەنى، 12 ـ ئەسىردە (شەرقتىن كەلگەن بىر ھۆكۈمران سۇلالىنى ئىگىلىۋالدى، دەپ بايان قىلغان ئىدى.

قىپچاقلارنىڭ كۆچۈشى بىر قەبىلىنىڭ ساسىي بىرلىكى ھەم دۆلەت تەشكىلاتى يوق تۇرۇپمۇ، يەنىلا كەڭ رايونلارنى ئىگىلىۋالغانلىقىدىن ئىبارەت كەم ئۇچرايدىغان مىسال .ئىلگىرى ئايرىم قىپچاق خانلىرى بولغان بولسىمۇ، بىراق بارلىق قىپچاقلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزىدىغان بىرلىككە كەلگەن بىر خان ئەزەلدىن بولغان ئەمەس .قىپچاقلار ئىگىلىگەن رايون ئەينى دەۋردە ئىسلام دۇنياسىنىڭ سىرتىدا ئىدى . كاۋكازدا قىپچاقلار 12 ـ ئەسىردىلا ئىسلام رايونلىرىغا بولغان تاجاۋۇزچىلىقىغا قاتناشقان.

قىپچاق خان جەنۇبىي رۇسىيەدە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان، بولۇپمۇ ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى مۇتەخەسسىسلىكتە

شۇنداق قىلغان ،ئىسلام رايونىنىڭ قوشنا يېرىدە، مۇسۇلمان بولمىغان قىپچاق خانلىقى بولۇپ، چېگرا ئىچىدىمۇ بىر قىسىم شەھەرلەر بار ئىدى. 12 ـ ئەسىردىكى قىپچاق خانلىقىنىڭ (12 ـ ئەسەرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خارەزملىقلار ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان) پايتەختى سۇزناق (خارابىلىقى بۈگۈنكى سۇناق ـ قورغان )ئىدى. بۇ جاينى مەھمۇد كاشىغەريي ئوغۇزلار رايونى دەپ تىلغا ئالغان ئىدى . ئىسلام تارىخىي ئەسەرلىرىدە ناھايىتى ئېنىق بايان قىلىنغان بولۇپ ، ئۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان قىپچاقلار بىلەن قاڭقىللار(بۇ ئىككى قەبىلە دائىم بىللە تىلغا ئېلىنىدۇ ، 12 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىمۇ ئايرىماق ناھايىتى تەس بولغان ) خارەزىم بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتى تۈپەيلى ئىسلام دىنىنى قۇبۇل قىلدى . بۇ خىل ئەھۋالدا ، ھازىرقى قازاق يايلىقىدا ئولتۇراقلاشقان بىر تۈركىي قوۋمنىڭ ئىسلام دىنىنى قۇبۇل قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئىش ) ئىبن ئاتىرنىڭ دېگىنىگە ئاساسلانغاندا ھىجرىيە 435 ـ يىلى مىلادىيە 1043 ـ يىلى (قىپچاق يايلىقىدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ئۈچۈن قانچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ . بۇ يەردە يەنە كېلىپ ئىسلام دىنىنى قۇبۇل قىلغان قوۋمنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان (960 ـ يىلدىكى ئىشقا ئوخشاش) . ئۇلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق رايونى: قىشلىقى بالاساغۇن بولسا ، يازلىقى ۋولگا) ئېتىل)دەرياسى ئىدى . گەرچە زېمىنى كەڭرى بولسىمۇ ، بۇ قەبىلىنىڭ ئادەم سانى 960 ـ يىلى ئىسلام دىنىنى قۇبۇل قىلغان قەبىلىنىڭ ئادەم سانىغا قارىغاندا كۆپ ئاز ئىدى . ئىبن ئاتىر ئىسلام دىنىنى قۇبۇل قىلغانلارنى 10مىڭ چېدىرلىق

كىشى ئىدى دېسە ، ئەبۇل فىدا (توسنبرگنىڭ باسمىسى 355 ، IX ، ـ بەت) ئارانلا بەش مىڭ چېدىرلىق ئىدى دەيدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىدىن، ئىسلام دىنىنىڭ غەربىي شىمالدىكى تەسىرىنىڭ قانچىلىك يىراقلىققا بارغانلىقىنى بېكىتكىلى بولمايدۇ. ئومۇمەن ئۇ نەقىل كەلتۈرگەن تۈركىي قوشاقلار ، تۈرك ئېتىقاد چۈشەنچىلىرى، ئۆرپ ـ ئادەت، دۆلەت ھاكىمىيىتى قاتارلىقلارنىڭ قەيەر، قايسى تۈركىي قەبىلىگە مەنسۇپلىقىنى ئېنىق ئېيتقىلى بولمايدۇ . بۇ كىتابتا نەقىل كەلتۈرگەن تۈرك قوشاقلىرى ئوخشاشمىغان رايونلارغا چېتىلىدۇ . ئۇنىڭ ئىچىدە قاتۇن سىنى شەھىرى ھەم تاڭغۇتلار بىلەن بولغان ئۇرۇشقا ئالاقىدار قوشاقلار ، ۋولگا دەرياسىنى تەسۋىرلىگەن:

»ئىدىل سۈيى ئېقىپ تۇرار،
قىيالارنىڭ تۈۋىگە سوقۇپ تۇرار،
بېلىق ، پاقا تولۇپ تۇرار،
كۆلچەك تېخى تېشىپ تۇرار«.

دېگەن قوشاقلار بار («دىۋان» ـ 70 . I ،«بەت.«دىۋان»ئۇيغۇرچىسى ـ 100. I ،بەت.)

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان»غا ئاساسلانغاندا خەلق قوشاقلىرىدىن باشقا تۈركلەر ئارىسىدىمۇ كىتابىي شېئىرلار، ھەتتا ئوردا شېئىرلىرىمۇ بولغان. بىر يەردە مەلۇم بىر شائىر ئۆزىنى خانىشنىڭ مۇلازىمى دەپ ئاتىغان ھەم خانىشقا بىر پارچە شېئىر تەقدىم قىلىپ ، ئۇنىڭغا قىلغان خىزمىتىنى ئىپادىلىگەن . بۇ خىل شېئىر قوشاق دەپ ئاتىلىدۇ، ئەرەبچە قەسىدە(مەدھىيە، («دىۋان ـ 314 . I ،«بەت ) دەپ تەرجىمە

قىلىندۇ. بۇ قوشاق باشقا بىر شېئىر شەكلى تۆيۈقتىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ» . دىۋان»دا تۇۋۇق دېگەن بۇ سۆز ئۇچرىمايدۇ. مەھمۇد كاشغەريي پەقەت چۆچۈ ئاتلىق بىر تۈرك شائىرنى تىلغا ئالغان («دىۋان ـ 180 . III ،«بەت )، بىراق ئۇنىڭ قايسى تۈرك قەبىلىدىن ئىكەنلىكىنى، قەيەر، قايسى زاماندا ياشىغانلىقىنى تىلغا ئالمىغان.

خۇددى پارس مەدەنىيىتى ئىلگىرىكى تۈرك قوشاقلىرىنى بىراقلا چىقىرىۋېتەلمىگەنگە ئوخشاش ، ئىسلام دىنىمۇ بىراقلا ئىلگىرىكى دىنىي قاراشلارنى چىقىرىۋېتەلمىگەن . بۇ ۋاقىتتا يەنىلا ئايال ئىلاھ ئۇماي( بۇ سۆز ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدە ئۇچرايدۇ)غا ئېتىقاد قىلىناتتى . مەھمۇد كاشغەريي ئۇماينى بالا ئانىنىڭ قورسىقىدىكى چاغدا قوغدىغۇچى ئىلاھ دەپ چۈشەندۈرگەن ھەم ماقال نەقىل كەلتۈرۈپ:«كىم ئۇمايغا ئېتىقاد قىلسا ، شۇ پەرزەنتلىك بولىدۇ»دېگەن («دىۋان ـ 111 . I ،« بەت ).

مەھمۇد كاشغەريي يوغ (yog)دېگەن سۆز ئۈستىدە توختالغاندا ، ئۇنى »نەزىر»(«دىۋان ـ 105 . III ،«بەت )دېگەن مەنىدە، ئۆلگۈچىنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۈچ كۈنلۈك ياكى يەتتە كۈنلۈك زىياپەت مۇراسىمىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ بايان قىلغان . يەنە مۇنداق خۇراپىيلىق ساقلانغان: ئىككى قوشۇن ئۇرۇش ھارپىسىدا ، ئىككى تەرەپنىڭ يەر ئىلاھلىرى ئۆز ئارا ئېلىشىدۇ، دەپ ئەسكەرلەر جەڭنىڭ ئالدىنقى كېچىسى چېدىردىن چىقىشتىن، يەنى ئىلاھ ئوقىنىڭ تېگىپ كېتىشىدىن قورقىدۇ. بۇ خىل ئىلاھىي ئوق چەۋى دەپ ئاتىلىدۇ .قايسى ئىلاھنىڭ غەلبە قىلىشى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ

نەتجىسنى بەلگىلەيدۇ. يەنە كىشلەر يېڭى بوۋاق تۇغۇلغاندا، ئوغۇلمۇ، قىزمۇ دەپ سورىماي، بەلكى «بۆرى تۇغۇلدىمۇ، تۈلكىمۇ؟») «دىۋان ـ 359 . I ،«بەت )دەيتتى .يەنە، سىياسىي ئاتالغۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشى جەھەتتە ، قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن ئوغۇزلار، يەنى سالجۇقلارنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ ئاتالغۇ ئىشلىتىشى ئوخشمايتتى .مەسلەن ،چىل، يەنى شەرقىي تۈركلەر ئەينى دەۋردە «يارلىق» (خان بۇيرۇقى) دېگەن سۆزنى ئىشلىتەتتى (كىيىن موڭغۇل ئىمپېرىيىسى قوللانغان)، بىراق ئوغۇزلار بۇ سۆزنى بىلمەيتتى») دىۋان ـ 31 . III ،«بەت )؛ يەنە بىر جەھەتتىن، ئوغۇزلار تۇغراگت (tughragt)دېگەن سۆز ئارقىلىق «تاسغۇ»، «قول بېسىش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيتتى. بۇ سۆز تۇغرۇلۇق مەھمۇد قەشقىرى : « تۈركلەر بۇ سۆزنى بىلمەيدۇ ،مەنمۇ بۇ سۆزنىڭ كېلىش مەنبەسىنى بىلمەيمەن» دېگەن») دىۋان ـ 385 .I ،«بەت ) . ئىبن مۇھەننا (موڭغۇل دەۋرىدىكى يازغۇچى) نىڭ لۇغىتىدە ئىككىلا سۆز بار بولۇپTughra ، ھەم يارلىق دېگەن ئىككى سۆز بىر بەتتە ئۇچرايدۇ Tugra.دېگەن بۇ سۆزنى كىيىن پەقەت سالجۇقلار ھەم ئوسمان تۈركلىرى ئىشلەتكەن بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكىلەر بۇ سۆزنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ،مەھمۇد قەشقىرى كىتابىدا ھۆكۈمرانلىقتا ئالاقدار پارچە ـ پۈرات ئىشلارنى بايان قىلغان بولۇپ ،خانلىق ھوقۇقىنىڭ تاشقى بەلگىسى بولغان بايراق تىلغا ئېلىنىپ، توققۇز تۇغلۇق خان ئەڭ كۈچلۈك خان دېيىلگەن») دىۋان ـ 92 . III ،« بەت ) . يەنە دىنسز تۈرك خانى_ ئۇيغۇر خانى توغرىسىدىكى ئىشلار

بايان قىلىنغان: قامدۇ ( kamdu) دېگەن سۆزنى چۈشەندۈرگەندە، تۆت گەز ئۇزۇنلۇقتىكى (ئىككى مېترغا تەڭ) بىر غېرىچ كەڭلىكتىكى پاختا رەخت ئۇستىگە ئۇيغۇر خانىنىڭ تامغىسى بېسىلغان، پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ ،يەتتە يىلدا بىر قېتىم ئوڭشاپ، بىر قېتىم يۇيۇلىدۇ ھەم قايتا ئەمەل تامغىسى بېسىلىدۇ («دىۋان ـ 350 . I ،»بەت ، تاكى يېقىنقى دەۋرگىچە شىنجاڭدا يەنىلا رەخت پۇل ئىشلىتەتتى)دېيىلگەن .
يەتتىنچى لېكسىيە) ئەسلى كىتاب 120 ـ 138 ـ بەتكىچە (

مەھمۇد قەشقىرى بىزنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ شىمالىدا يابغۇلار )شۇنىڭدىن كېيىن تارىختا چېلىقمايدۇ) بىلەن، شەرقتە ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ ،بىراق 11 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى غەربىي لياۋ (قاراكىدان) لار بىلەن بولغان ئۇرۇش ئۇستىدە توختالمايدۇ .

كىدانلارنىڭ غەربكە كۆچكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىسلام تارىخىي ماتېرىياللىرى ،خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا مول. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ،كىدانلارنىڭ لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى ئاكا ـ ئۇكا خاقانىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇلارغا ياردەم بەرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچكەنلىكىلا تىلغا ئېلىنىدۇ. ئىسلام تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا ، بۇقېتىمقى ھەربىي يۈرۈش مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇپ، قەشقەر خانى كىدانلارنى پۈتۈنلەي مەغلۇپ قىلغۇەتكەن. سەلجۇقلار سۇلتانى سەنجەر بۇ غەلبىنى باغداد خەلىپىسىگە) بارتولد» :تۈركىستان ـ 37. I ،»بەت) مەلۇم قىلغان .بىراق، كىدانلارنىڭ باشقا بىر بۆلىكىنىڭ شىمالىي يول بىلەن

غەربىي موڭغۇلىيە ئارقىلىق قىلغان ھەربىي يۈرۈشى غەلبە قىلغان .ئۇلار يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرقى ئېقىنىدا گەرچە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن بەختكە يارشا بۇ رايوندىن ئۆتۈپ، غەربىي جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرلەپ، چۇچەك رايونىدا (11-ئەسىردە قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن يابغۇلار قەبىلىسى بۇجايىدا ئۇرۇش قىلغان ) ئېمىل شەھرىنى بەرپا قىدى (ئاساسلىق تارىخىي ماتېرىيالنى جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جاھانكوشاي»، جېنى خاتىرلەش مەجمۇئەسى ،2 ،XVI ، .( 86ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ رايون 12- ئەسىردىمۇ 11 -ئەسىردىكىگە ئوخشاشلا ئىسلام تەسىرنىڭ سىرتىدا تۇراتتى، ئىسلام دىنىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى رايون يەنىلا ئىلگىركىگە ئوخشاشلا، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى بالاساغۇن شەھرى رايونى ھېسابلىناتتى.

غەربىي لياۋ خانى بالاساغۇن شەھرىگە يېقىن جايدا تۇراتتى. ئىسلام مۇخلىسلىرى ھەم موڭغۇللار ئۇنى گورخان دەپ ئاتايتتى. بۇ خىل نام بۇنىڭدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولسۇن ئوخشاشلا ئۇچرىمايدۇ. ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىمۇ ئېنىق ئەمەس. مۇسۇلمان يازغۇچىلار بۇ سۆزنىڭ »خانلارنىڭ خانى« دېگەن مەنىسى بارلىقىنى بايان قىلىشىدۇ. بۇ سۆز (gur,kur)بەلكىم قەدىمكى تۈرك تىلىدا kur ياكى kulدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. كېيىنكى بىر سۆز ئۇرخۇن ئابىدىلىرى، گەردىزى ھەم مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدۇ، گورخان ھۆكۈمرانلىقىدىكى زېمىن كەڭ بولۇپ، خارەزمدىن ئۇيغۇرلار رايونىغىچە يېتىپ باردۇ .

غەربىي لياۋلارنىڭ ئوردا تىلى خەنزۇ تىلى ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار خەنزۇلارنىڭ تىلىنى قوللانغان ئىدى « 驸马 » .دېگەن سۆز كۈيئوغۇلنى كۆرستەتتى ( 牌子 ) payaz، ئارقىلىق «ئىسپات ھۆججىتى» (كېيىنكى موڭغۇللارغا ئوخشاش (ئىپادىلىنەتتى. غەربىي لياۋ ئادەتتىكى كۆچمەن چارۋىچى خانلىققا ئوخشمايتتى، ئۇلار تېخى شەھەر تۈزۈمىنى ( پارچىلاپ ئىدارە قىلىش تۈزۈمى) يولغا قويمىغان ئىدى . ئېيتىلىشىچە، تۇنجى گورخان ھەر قانداق ئادەمنىڭ 100 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلمىغان . بىراق ، دۆلەت تەۋەلىكىدە ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان غەربىي لياۋ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بالاساغۇن شەھىرىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنىلا ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، ئۇ يەرگە گورخان ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلدى . بۇ شەھەر ۋە ئاھالىنىڭ تەركىبى شۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنىلا مۇسۇلمان شەھىرى بولۇپ قېلىۋەردى غەربىي لياۋلار ئىگىلىۋالغان باشقا شەھەرلەردىن قەشقەر ، ماۋەرئۇننەھردە يەنىلا قاراخانىيلار سۇلالىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋەردى . غەربتىكى خارەزىم ، شەرقتىكى ئۇيغۇر خانلىقىمۇ يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش تۇرۇۋەردى.

غەربىي لياۋنىڭ قۇرۇلۇشى ھەر خىل مەدەنىيەت تەركىبلىرىنىڭ ئۇچرىششى بولۇپ ، ئىسلام مەدەنىيىتى بولمىغان تەركىبلەرنىڭ غەربكە تارقىلىشىدا رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن ، يەتتىسۇ رايونى چۇ دەرياسى ۋادىسىدىن بايقالغان سۈرىيە تىلى ، تۈركىي تىلدا نېستورىئان دىنى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ئارقا كۆرنۈشى ھازىرمۇ يەنىلا ئېنىق ئەمەس . ئىسسىق كۆل رايونىدىن بايقالغان كۆپ ساندىكى يازما

يادىكارلىقلار ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكىگە ئوخشاشلا 14 ـ ئەسىر ، يەنى موڭغۇل دەۋرىگە مەنسۇپ . بىراق ، چۇ دەرياسى ۋادىسىدىكى بىر قىسىم يازما يادىكارلىقلار 13 ـ ئەسىرنىڭ بېشىغا ، يەنى غەربىي لياۋ يەنىلا مەۋجۇت بولۇۋاتقان دەۋرگە مەنسۇپ . رۇسىيە ئاكادېمىكى kokovcovيەتتىسۇ رايونىدىكى نېستورىئان دىنى يازما يادىكارلىقلىرى بىلەن تۇرپاندىن بايقالغان يازما يادىكارلىقلارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىپ ، تۇرپاندىكى نېستورىئان دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ يەتتىسۇ رايونىدىكى مۇخلىسلىرىغا قارىغاندا تەربىيە كۆرگەنلىكىنى بايقىغان . شۇڭا شەرق(تۇرپان)غەربكە(يەتتىسۇ رايونى) تەسىر كۆرسەتكەن دەپ قاراش كېرەك («رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژورنىلى»، 1909 ، 778 ـ بەت.)

ئۇيغۇر نېستورىئان دىنى مۇخلىسلىرىدىن باشقا، ئۇيغۇر بۇددا دىنى مۇخلىسلىرىمۇ مۇشۇ مەزگىلدىن پايدىلىنىپ غەربكە ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتكەن بولۇشى مۇمكىن . غەربىي لياۋ دەۋرىگە نىسپەتەن ، بىزدە بۇنىڭغا ئالاقىدار ماتېرىيال يوق .بىراق، موڭغۇل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە (يەنى، 1253 ـ يىلى)لېلوك قايالىق شەھىرىدە )ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالى) ئۇيغۇر بۇددا دىنى مۇخلىسلىرىنى ئۇچراتقان . بۇ ئۇيغۇر بۇددا دىنى مۇخلىسلىرى غەربىي لياۋ دەۋرىدىلا بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن . ئومۇمەن ، 11 ـ 12 ـ ئەسىر خرىستىئان دىنى دىن تارقىتىشنى كۈچەيتكەن دەۋر بولۇپ ، نۇرغۇن موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ مۇشۇ مەزگىلدە خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلىمىز . خرىستىئان دىنى تارىخىي ماتېرىياللاردىلا

ئەمەس، ئىسلام تارىخىي ماتېرىياللىرىدىمۇ غەربىي موڭغۇللارنىڭ نايمان قەبىلىسى بىلەن شەرقىي موڭغۇللارنىڭ قىيلى قەبىلىسىنىڭ خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن . پىللىئوتنىڭ تەتقىقاتى («روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ژۇرنىلى ـ 629، 1914 ، XV ، » بەت) جەنۇبىي موڭغۇللارنىڭ ئونگۇت (ongut، ongut) قەبىلىسىنىڭمۇ خرىستىئان دىنى مۇرىتلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ ، خرىستىئان دىنىنى تارقىتىشقا ئۇيغۇرلارمۇ قاتناشقان .چىڭگىزخاننىڭ نايمانلار يېنىدىن بىر ئۇيغۇر مۆھۈردارغا ئېرىشكەنلىكى ھەم ئۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر يېزىقىنى بىلگەنلىكى بۇ بىر نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ . يەتتىسۇ رايونىدىكى خرىستىئان دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى، مەڭگۈ تاشلاردىكى ساناق ساناش ئۇسۇلى ئۇرخۇن يازما يادىكارلىقلىرى ۋە ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىكى ساناق ساناش ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ. ئۇيغۇر خرىستىئان دىنى مۇخلىسلىرىنىڭ مەركىزى تۇرپاننىڭ شەرقىدىكى بۇلايىق (bulayik)يېزىسى بولۇپ ، ئۇ يەردىن پەقەت يەرلىك خرىستىئان دىنى يازما يادىكارلىقلىرى بايقالدى ( سۇرىيە ،سۇغدى، تۈرك تىلىدىكى مولى: « ئۇيغۇر ۋەسىقىلىرى » بېرلىن، 1908 ، 4 ـ بەت)، بىراق يەتتىسۇ رايونىدىكى خرىستىئان دىنى مۇخلىسلىرى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتمەي، سۇغدى يېزىقىنى ئىشلەتكەن ( بىر قانچە يېڭى بەلگىنى كۆپەيتكەن .)

دىن تارقىتىش پائالىيىتى سودا پائالىيىتى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ ، سۇرىيە رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە ، كېلىلىقلار ( ئالفرىت:«يۇھان ئېپىسكوپ ھەققىدە رىۋايەت» 89 ـ بەت ،ئەبۇل فارادىنىڭ كىتابىغا

ئاساسلانغان) خرىستىئان دىنى سودىگەرلىرى ئارقىلىق خرىستىئان دىنىنى بىلگەن .

موڭغۇللار تۈرك تىلىدىن «سودىگەر»مەنىسىدىكى سارت دېگەن سۆزنى قوبۇل قىلىپ قوللاندى ، شۇنداقلا سوغد (soghd) دېگەن سۆزدىن سوغداق (soghdah) دېگەن سۆزنى تۈرلەپ چىققانغا ئوخشاش ، سارت دېگەن سۆزدىن سارتاق (sartak)دېگەن سۆزنى تۈرلەپ قوللاندى . يەنە موڭغۇل تىلىدىكى ئادەمنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ئارقا ئۇلانمىسى

- taiنى قوشۇپ سارتاقتاي (sartaktai) سۆزنى ياساپ قوللاندى .

موڭغۇللار بۇ سۆزنى ئاساسلىقى سودىگەرلەر ئىچىدىكى « مۇسۇلمان ئىرانلىقلار»غا ئىشلەتكەن . موڭغۇللارغا نىسپەتەن ئېيتقاندا ، بۇ سۆز بىر مۇقىم مىللەتتىن كۆرە ، مۇقىم مەدەنىيەت تىپىدىكى كىشلەرنى كۆرستەتتى . چىڭگىزخان ئۆزىگە بويسۇنغان بىرىنچى مۇسۇلمان پادىشاھى ، يەنى يەتتىسۇنىڭ شىمالىدىكى قارلۇقلاردىن ئارسلانخاننى سارتاقتاي دەپ ئاتىغان ئىدى . ئەمما قارلۇقلار تىل جەھەتتىن ئىرانلىق ئەمەس بەلكى تۈركلەر ئىدى . موڭغۇللار يەنە سارت بىلەن مەنبەداش

( sartaghulساتاغۇل ) دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن . بۇ سۆز چىڭگىزخان دەۋرىدە قوللىنىلغان بولۇپ ، كېيىن رەشىددىن مۇشۇ سۆز بىلەن تاجىكلارنى كۆرسەتكەن ، ئىبن مۇھەننا بولسا« مۇسۇلمان»لارنى كۆرسەتكەن .

چەك (qek) دېگەن سۆز پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان . غەربىي لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدە ، يەنى مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىدىمۇ ئىسلام دىنى رايونى ئەڭ شىمالدا بالاساغۇن رايونىدىن ھالقىپ كەتمىگەن ئىدى . يۇز

يىلغا يەتمگەن ۋاقتتىن كېيىن ، يەنى موڭغۇللار تارىختا كۆرۈنۈشتىن ئىلگىرى يەتتىسۇ رايونىنىڭ شىمالىدىكى قارلۇقلار ، مۇسۇلمان ئارسلانخان دۆلىتى ھەم قايالىق شەھرىگچە كېڭەيدى . بۇ شەھەرنىڭ ئورنىنى تەخمىنەن پەرەز قىلىشقا بولىدۇ . لوبلۇك ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئالاكۆلگە (ala kul) بېرىش يولىدا ، بۇ شەھەردىن ئۆتكەن . ئەينى چاغدىكى چوڭ يول ھازىرقى بالقاش كۆلگە تېخىمۇ يېقىن بولسا كېرەك ، چۈنكى لوبلۇك يىراقتىن كۆل يۈزىنى كۆرگەنكەن . قايالىق شەھرى ھەم قارلۇق دۆلىتى غەربىي لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇرۇلغان . قارلۇق خانى يەنە كېلىپ گورخانغا بېقىناتتى . يەنە بىر شەھەر ، يەنى ئىلىنىڭ (غۇلجا، «ئىسلام ئىنسكلوپېدىيىسى(1193 ، II ،«غەربىي شىمالىدىكى ئالمالىققا ) بۇ شەھەر «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ياكى غەربىي لياۋ سۇلالىسگە دائىر خاتىرلەردە ئۇچرىمايدۇ ) موڭغۇللار پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى قارلۇقتىن ياكى قاڭلى تۈرك ئىرقىدىن كېلىپ چىققان بىرسى ھۆكۈمرانلىق (ئۇ غەربىي لياۋ سۇلالىسگە بېقىنمايتتى ، بەلكى ئۇنىڭغا قارشى تۇراتتى) قىلاتتى. بۇ ئادەمنىڭ كېلىپ چىقىشى جەھەتتىكى زىددىيەتنى بىز جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جاھانكۇشاي»( 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى13 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋەقەلەرنى تەتقىق قىلىشتىكى ئاساسلىق تارىخىي ماتېرىيال ( ئەسىرنىڭ ئوخشىمىغان (گەرچە ئوخشاشلا قەدىمكى بولسىمۇ ) نۇسخىلىرىدىن كۆرۈۋالالايمىز. ئەمما ئالمالىقنىڭ ھۆكۈمرانى ئوخشاشلا مۇسۇلمان ئىدى . شۇنداق ئىكەن ، ئىلگىرى مەۋجۇت بولمىغان يەنە بىر يېڭى مۇسۇلمان خانلىقى مەيدانغا كەلگەن بولىدۇ . ئەينى دەۋردە ئىسلام

دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشى قىيىن ئىدى. شەرقتە مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇرلار خۇددى بىر سىپىلغا ئوخشاش ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىنى توسۇپ تۇراتتى . موڭغۇل ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىدە مەھمۇد كاشغەريي دەۋرىدىكىگە ئوخشاشلا ، ئىسلام دىنىنىڭ چېگرىسى كۇچانىڭ شەرقىدە ئىدى . پەقەت ئەبۇفلا ( بارتولد «تۈركىستان» «بىرىنجى قىسىم، ئەسلى تېكىست ، 95 ـ بەت) كۇچادىكى مۇسۇلمان تۈركلەردىن خىزىر بەگنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن غەلبە قىلىپ قەھرىمان نامى بىلەن مەشھۇر بولغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. خىزىربەگ قەشقەر خانىغا ياردەم بېرىپ دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرغاچقا ، خان ئۇنىڭغا نام بەرگەن . مەھمۇد كاشغەريي دەۋرىدە ئىسلام دىنىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى چېگرىسى چەرچەن ئىدى. بىراق ، 13 ـ ئەسىردىكى ماركوپولو دەۋرىدە بولسا ، لوپنۇر رايونىدىكى ئاھالە ئاللىبۇرۇن ئىسلام مۇخلىسلىرىغا ئايلىنىپ بولغان ئىدى .

يەنە بىر مۇرەككەپ مەسىلە شۇكى ، تۈركلەرنىڭ ئەينى دەۋردە ئاسىيادىكى ئىسلام مەدەنىيىتى تۈرمۇشىغا قانچىلىك دەرىجىدە قاتناشقانلىقى . تۈركلەر بۇ چاغدا گەرچە مەدەنىيەت جەھەتتىن ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار ئۆز تىلىنى يوقىتىپ قويمىغان ئىدى . بىراق ، ئەرەب ـ پارس مەدەنىيىتىنىڭ تۈركلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى شۇ دەرىجىدە چوڭ بولغانكى ، تۈرك تىلىمۇ ھەتتاكى دۆلەت ياكى مەدەنىيەت تىلىغا ئايلىنالمىغان ئىدى . ئەڭ غەربتە ، يەنى كىچىك ئاسىيادا 13 ـ ئەسىرگىچە ئەرەب تىلى يەنىلا دۆلەت تىلى قىلىپ قوللىنىلغان ئىدى .

بۇ بىر نۇقتىنى 14 ـ ئەسىردىكى كىچىك ئاسىيادا پارس تىلى بىلەن
يېزىلغان ، يازغۇچىسى نامەلۇم بىر ئەسەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ ،
بىراق، مەن بۇنىڭدىن گۇمانلىنىمەن»)  روسىيە پەنلەر
ئاكادېمىيىسى ئىلمىي ماقالىلەر مەجمۇئەسى»، 18 ، 0129، خۇددى
ماكس ۋان بېرچىم (max Van Berhan)كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك )،
بىراق ئالدىنقى بىر نۇقتىغا پايدىلىق بولغىنى ئالتۇن ئىلمى ھەققىدىكى
ماتېرىياللاردۇر . پارس شېئىرلىرىنىڭ تۈرك سۇلتانلىرىغا بولغان تەسىرىنى
، ئەينى چاغدا كۆپ قوللىنىلغان كەيخۇسرەۋ ، كەيقۇباد دېگەندەك
كىشى ئىسىملىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . بىراق ، ساپ تۈركچە كىشى
ئىسىملىرىمۇ ئۇچرايدۇ . بۇ بىر نۇقتا سۇلتانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ
تۈركلەردىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىنى ئېنىق
چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . بۇ بىر ئەھۋال ئىراندىكى سەلجۇقلار دۆلىتىگىمۇ
ماس كېلىدۇ . ئۇ يەردە پارس تىلى دۆلەت تىلى ھەم مەدەنىيەت تىلى
قىلىپ قوللىنىلغان ئىدى . قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى
تۈركىستاندا ، ئەرەب تىلى دائىم پارس تىلى تەرىپىدىن مەمۇرىي ھەم
ئەدەبىيات ساھەسىدىن سىقىپ چىقىرىۋېتىلگەن ئىدى . بىراق 10 ـ
ئەسىردىكى سامانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ، «بۇخارا تارىخى» ئەرەب
تىلىدا يېزىلغان ئىدى . بۇ كىتاب 12 ـ ئەسىردە پارس تىلىغا تەرجىمە
قىلىنغاندا ، باشقا سەۋەبلەردىن تاشقىرى ، كىشلەرنىڭ ئاللىبۇرۇن
ئەرەب تىلىدىكى كىتابلارنى ئوقۇشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالغانلىقى
چۈشەندۈرۈلگەن ) نۇرشاھ ، سىپىر باسما نۇسخىسى، 2 ـ بەت )،
ھەتتا دىنى تەلىم تەربىيىدىمۇ پارس تىلى ئەرەب تىلىنىڭ ئورنىنى

ئىگىلىگەن . مەسىلەن ، بىر كىشى مەدرىستە پارس تىلىدا دەرس سۆزلىگەن (سامانى، مەرگۇلوس نۇسخىسى 506 ـ بەت ) . بۇ خىل ئەھۋال دەسلەپكى دىنى تەربىيىدىمۇ ئۇچرايدۇ . مەجىددىن ئابدۇلجاپپار ( تارىخ يازغۇچىسى ، ھىجرىيە 451 ـ يىلى نىشاپۇردا تۇغۇلغان) ئۆزىنىڭ بەش ياش ۋاقتىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي بىلىملىرىنى پارس تىلى ئارقىلىق ئۆگەنگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

بىراق ،قاراخانىيلار سۇلالىسىدە ، بولۇپمۇ قەشقەر رايونىدا ، 12 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەرەب تىلى يەنىلا مەمۇرىي تىل قىلىپ قوللىنىلاتتى . بىر پارچە ئەرەبچە ھۆججەتنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ لوندۇن شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان ئىدىم < « ) قۇتادغۇبىلىگ >تىكى بۇغراخان ئۇستىدە تەتقىقات » ،«لوندۇن ئۇنىۋېرسىتېتى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»غا بېسىلغان . ـ 158 ـ 151 ، ا،ااابەت، 1923 ـ يىلى، تۈركچە تەرجىمىسى «تۈركولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1 ـ تومغا تەرجىمە قىلىپ بېسىلغان). بۇ ھۆججەت «قۇتادغۇبىلىگ» يېزىلغان دەۋرگە مەنسۇپ ئىدى . بۇ ھۆججەت ھەم كېيىنكى ھۆججەتلەر شۇ نەرسىنى چۈشەندۈرىدۇكى ، قاراخانىيلار سۇلالىسىدە بولۇپمۇ سەمەرقەندتە ، گەرچە ئاھالىلەردىن ھەممىسى دېگۈدەك تۈركچە سۆزلىسىمۇ ، بىراق تۈرك تىلى دۆلەت تىلى قىلىپ ئىشلىتىلىشتىن پۈتۈنلەي قالمىغان ئىدى . مەسىلەن ، تۈركچە ئۇلۇغ دېگەن سۆزگە ۋەزىر سۆزى قوشۇپ قوللىنىلغان ـ 12 . ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى سەمەرقەند خانىنىڭ

قوپيدۇرغان تەڭگىسىگە ھەتتا خاننىڭ نامى سۇلتان ئەسسەلاتىن (sultan as salatin سۇلتانلارنىڭ سۇلتانى) قىلىپ يېزىلغان . قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانلىرى تاكى خانلىق يوقالغۇچە تۈركچە ئىسىم ھەم تۈركچە نام ئىشلەتكەن ھەم موڭغۇل ياپىلىقى دەۋرىدىكى ئوغۇز ھەم خانلىق دەۋرىدىكى ئادەتلەرنى ساقلاپ قالغان ، يەنى يېڭى خان خانلىققا ئولتۇرغاندا كونا نامنى ئۆزگەرتىپ ، يېڭى نامنى ئۆزلىرىنىڭ ئىسمى ئورنىدا قوللانغان . بۇ بىر ئادەت تارىخ تەتقىقاتچىلىرى ئۈچۈن كۆپ قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرغان ، يەنى ئوخشاش بىر ۋاقىت ، ئوخشاش بىر جايدا قويۇلغان تەڭگىلەر بىر ئادەمگە تەئەللۇقمۇ ياكى بىر قانچە ئادەمگىمۇ بۇنى ئېنىق بېكىتكىلى بولمايدۇ.

سەمەرقەندتە ھازىرقى بىلىشىمىزگە ئاساسلانغاندا ،تۈرك ئەدەبىياتى ھەققىدە بىر نەرسە دېگىلى بولمايدۇ (خىزىرخان ھەم ئۇردا شائىرلىرى توغرىسىدا ، « سەمەرقەند»نىڭ 4 ـ تومغا قاراڭ ، جىڭ خاتىرە مەجمۇئەسى ، XI ،ئەسلى تېكىست 46 ـ بەتتە، 2، XI . تەرجىمىسى 52 ـ بەتتە) خان سارايلىرىدا يېزىقچىلىق قىلىدىغانلار پارس شائىرلىرى ئىدى ، ئۇلارنى خان ئوردىسى قوغدايتتى . تۈرك تىلى ئارقىلىق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىشقا نىسبەتەن ، گەرچە پارس تىلىنىڭ تەسىرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان ھەم كۆنسېرى كۆچىيىۋاتقان بولسىمۇ ، ئەينى دەۋردە قەشقەرنىڭ شارائىتى بىر قەدەر ياخشى ئىدى . 17 ـ ئەسىرلەردە قەشقەردە پارس تىلىدا بىر تارىخىي ئەسەر يېزىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى گىراماتىكىلىق خاتالىقلار ناھايىتى كۆپ . بۇ شۇ نەرسىنى چۈشەندۈرىدۇكى ، پارس تىلى يازغۇچىنىڭ ئانا تىلى ئەمەس ،

شۇنداقلا كۆندىلىك تۇرمۇشتا قوللىنىدىغان تىلى ھەم ئەمەس («ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى ـ 313 ، II ،XX ،»بەت . )
ھىجرىيە 462 ـ يىلى (مىلادىيە 1069 ـ 1070 ـ يىللىرى) بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ) ئۇ قاراخانىيلار ئوردىسىدا ھاجىپ ئىدى) قەشقەردە تۈرك تىلى بىلەن «قۇتادغۇبىلىگ «نامى بىلەن پەند ـ نەسىھەت مەزمۇنىدىكى داستانىنى يېزىپ، ئەينى دەۋردىكى قاراخانىيلار خانىغا تەقدىم قىلغان . قۇت (بەخت) دېگەن بۇ سۆز دائىم (كىتابنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىمۇ مۇشۇ مەنىدە ) ھازىرقى«ئالىيلىرى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلاتتى . بۇ خىل تۈرە مەجبۇرىيىتى نەسىھەتكە ئالاقدار ئەسەرلەر قەدىمكى شەرقتە (ئىراننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ ، بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ قىممىتى بار بىر قىسمى دەل ئۇلاردا بايان قىلىنغان تارىخىي ياكى رىۋايەتلەردىكى ۋەقەلەر بولۇپ ، يازغۇچى دەل مۇشۇلار ئارقىلىق مەلۇم نەزىرىيە ، كۆز قاراشنى تەكىتلەيتتى ياكى چۈشەندۈرەتتى . مۇشۇ بىر نۇقتا دەل» قۇتادغۇبىلىگ» تە كەمچىل بولۇپ ، كىتابتا تارىخىي شەخسلەر تىلغا ئېلىنمىغان ، كىتابتىكى ئىلىكخانمۇ پەقەتلا بىر ئوخشاتما پېرسوناژدۇر (ئادالەتنىڭ ۋەكىلى). ئۇنىڭدىن باشقا شەخسلەرمۇ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ۋەزىر ھەم ئۇنىڭ ئوغلى ، قېرىنداشلىرىدۇر. شۇڭا «قۇتادغۇبىلىگ» پارسچە ئۆلگىلىك ئەسەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا ، ئۇنىڭ سەۋىيىسى يەنىلا تۆۋەن .
كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە ، ئەرەبلەر ھەم تاجىكلار ئارىسىدا نۇرغۇن كىتابلارنىڭ يېزىلغانلىقى ، ئەمما تۈرك تىلدا يېزىلغانلىرىنىڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىگى بايان قىلىنغان . بۇ بىر نۇقتا ئىسلام دىنىنى

قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ، ئىلگىرى تۈرك تىلىدا يېزىلغان بۇددا دىنى ، مانى دىنى ھەم نېستورىئان دىنى ئەسەرلىرىنىڭ ناھايىتى تېز ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ . ئېنىقكى ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئارقىلىق بىزگە مەلۇم بولغان ئىسلام ـ تۈرك قوشاقلىرى تەرەققىي قىلىپ چوڭ ئەسەرلەرگە ئايلىنالمىغان ، ئەينى دەۋردە ئەدەبىي ئەسەرلەر پەقەت قەشقەردىلا بارلىققا كېلەتتى . مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دېگەنلىرىگە ئاساسلانغاندا ، قەشقەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى خاقانىيە تۈركچىسىدە سۆزلەيتتى ، ئەمما قەشقەرنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى كەنتلەردە كەنچەك تىلى ئىشلىتىلەتتى ، يەنى تۈركلىشىشكە باشلىغان ئاھالىنىڭ (ئۇلار تۈرك ئەمەس ) تىلىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ يەردە مۇنداق بىر مەسىلە بار» : قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ ئۇسلۇبى ھەم ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن قەدىمكى تۈرك ئەنئەنىسىنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار ، شۇنداقلا ئۇ شۇ دەۋردىكى كىشىلەرگە قانچىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن؟ «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ ھازىر ئۈچ نۇسخىسى بار بولۇپ ، بىرسى ، 1439 ـ يىلى ھىراتتا يېزىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى ، قالغان ئىككىسى بولسا ئەرەب يېزىقىدىكى نۇسخىلىرى بولۇپ ، بىرى قاھىرەدىن ، يەنە بىرى پەرغانىدىن بايقالغان . يازغۇچى ئەسەرنى قايسى خىل يېزىقتا يازغان ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىمۇ ياكى ئەرەب يېزىقىدىمۇ؟ بۇ مەسىلە ھەققىدە ئوخشاشمىغان كۆز قاراشلار بار (ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان بولۇش ئېھتىماللىقى چوڭراق ) . كىتابنىڭ ئۆزى شۇنداقلا قۇت دېگەن

سۆزنىڭ » ھۆرمەتلىك ، ئالىيلىرى » دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىشى قەشقەردە ئىسلام دىنى ھەم پارس تىلىنىڭ تەسىرىنىڭ تۈرك ئەنئەنىلىرىنى ئۇردا تۇرمۇشىدىن سىقىپ چىقىرىۋېتەلمىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ . «قۇتادغۇبىلىگ»نىڭ ئىسمى كېيىنكى موڭغۇللار دەۋرىدىمۇ ئۇچرايدۇ . رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا ، چىڭگىزخاندىن قېلىپ قالغان نەسىھەتلەر توپلىمى («ئىلمىي ماقالىلەر مەجمۇئەسى ( 015 ، XIII ، «مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان . 15 ـ ئەسىردىكى يازغۇچى ئىبىن ئەرەبشاھنىڭ ئېيتىشىغا ئاساسلانغاندا ) ، ئىبىن ئەرەبشاھ ، فەكھەت ئەل خۇللاف ، مىسىر باسمىسى ، 1315ـ يىلى 184 ـ بەت ،( قۇتادغۇ (Qutudghu)دېگەن سۆز موڭغۇللار ئىشلەتكەن ئۇيغۇرچە سۆزدۇر ، بىراق بۇ جايدا ئۇ بۇ سۆز بىلەن چىڭگىزخان كېلىپ چىققان قەبىلىنىڭ نامىنى ئارلاشتۇرۇۋەتكەن ) قىيات دېگەن قەبىلە نامىنى قاتتات دەپ خاتا ئوقىغان ) ، بەزىلەر ( پ . مېلونىسكى» ، ئىلمىي ماقالىلەر مەجمۇئەسى ( 021 ، XIII ، «بۇ ئىسىم توغرىسىدا ، بۇغراخاننىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى « قۇتادغۇبىلىز (kutadgu Biliz)«سۆزى ئىلگىرى موڭغۇللارغا تەسىر كۆرسەتكەن، نەتىجىدە چىڭگىزخاننىڭ قۇتادغۇبىلىزى بارلىققا كەلگەن، دەپ قارايدۇ . بىراق مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان»ى نەشىردىن چىققاندىن كېيىن ، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى خەلقنىڭ ئۆزىنى « ئۇيغۇر » دەپ ئاتىمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ بىر نۇقتا ئايدىڭلاشتى . يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ ئۆز ئەسىرىنىڭ تىلىنى «ئۇيغۇر» تىلى دېمىگەن . ئوخشاشلا ، «قۇتادغۇبىلىگ» تەك ئىسلام روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇنداق ئەسەرمۇ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوبۇل

قىلىنمايتتى . ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلار يەنىلا بۇددا دىنى ياكى نېستورىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، شۇنداقلا كېيىن بۇ موڭغۇللارغا تەسىر كۆرسەتكەن .

گەرچە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تىلشۇناسلىق ئەسىرىدىن ئىككى يىل بۇرۇن تاماملىغان بولسىمۇ ، لېكىن «دىۋان»دا ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىنى كۆرگەنلىكى تىلغا ئېلىنمىغان . مەرھۇم خارتمان (m . Hartumann) ،يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەسىرىنىڭ پەرقى شۇكى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرى ئوردا شېئىرلىرىغا مەنسۇپ ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بولسا خەلق قوشاقلىرى ئەنئەنىسىگە مەنسۇپ ، دېگەن ئىدى . بۇ خىل پىكىر چوقۇم توغرا بولىشى ناتايىن . بىزگە مەلۇمكى ، «دىۋان» دا نەقىل كەلتۈرۈلگەن قوشاقلاردىن ئوردا شېئىرلىرىمۇ بار . يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دىداكتىك ئەسىرىدىمۇ خەلق ئارىسىدىكى نەرسىلەر قوللىنىلغان» . قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ بىر قىسىم جايلىرىدىمۇ «دىۋان» دىكىگە ئوخشاشلا ، بەزىدە ئوخشاش سۆز ئارقىلىق ئوخشاش مەنە ئىپادىلەنگەن . «قۇتادغۇبىگ»نى ئوقىغانلىكى ئادەم «دىۋان «دىكى «ئەردەم باشى ـ تىل) (ardam baxi_til) « ئەخلاقنىڭ بېشى تىلدۇر .«دىۋان ـ 281 . I ،«بەت) دېگەن ماقالىنى ئەسكە ئالىدۇ .

»قۇتادغۇبىگ» ئەينى دەۋردە مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە ئىدى (گەرچە ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان كۆچۈرمە نۇسخىلىرى كۆپ بولمىسىمۇ ) .

سارايچىلىق (ئۇلار دەرياسى ئىغىزى)تىن بايقالغان »قۇتادغۇبىگ«شېئىرلىرى يېزىلغان چاقچۇق بۇيۇملار بۇ بىر نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، تۈركىيىدىن يەنە قۇتادغۇبىلىك بىلەن ئوخشاش خاراكتېردىكى باشقا بىر ئەسەر «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» بايقالدى . ئەسەرنىڭ يازغۇچىسى ئەھمەد ئىبنى مەھمۇد يۈكنەكى ئەسىرىنى «قەشقەر تىلى» دا يازغان بولۇپ ، ئۇنى ئەمىر داد سىپاھسالار بەگ دېگەن كىشىگە تەقدىم قىلغان . بۇ ئەسەرمۇ ئوخشاشلا پەند ـ نەسىھەت كىتابى بولۇپ ، رېئال تۇرمۇش بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ( نەشر قىلغۇچى: ناجىئاسىم ، ئىستانبۇل . 1334 ـ يىلى ، 2 ـ قىسىم ، ران . دېنىنىڭ« قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تۈركچە ئەخلاق كىتابى توغرىسىدا »دېگەن ئەسىرىگە قاراڭ . «مۇسۇلمانلار دۇنياسى» غا بېسىلغان ، 60 ، 1925 ،پارىژ، 189 ـ 234 ـ بەت ) . «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» نىڭ بايقىلىشى» قۇتادغۇبىگ»نىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئايرىم ھادىسە ئەمەسلىكىنى ، ئۇنىڭ تۈرك ئەدەبىياتىدا «قەشقەر» دەۋرىنى ئاچقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . بىراق ، قارىغاندا ئۇنىڭ كېيىنكى تۈرك ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى چوڭ بولمىغان .

ئۇ دەۋردە ئىلگىرىكى تۈركلەر بىلەن خەنزۇلار مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەسىرى يەنىلا ساقلانغان ، بۇ پەقەت خانلارنىڭ نامىدىلا ئىپادىلەنمەيدۇ . «دىۋان» دا غەربىي لياۋ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەنزۇچە مەنسەپ نامى تاياڭگۇ (tayangu)ساقلانغان . بۇ سۆز ئەرەبچىدىكى ھاجىپ دېگەن سۆزگە باراۋەر بولۇپ ، ئۇ تۈركچىدىكى

تايانماق دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن . يەنە ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدە ئۇچرايدىغان قونچۇي(مەلىكە) دېگەن سۆز» ئايال» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىسمۇ ، بىراق قاتۇن دېگەن نام يەنىلا قونچۇي دېگەن سۆزدىن تېخىمۇ ئۇستۇن تۇراتتى(دىۋان ـ 181 .III،«بەت . )

»دىۋان»دىكى ماددىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلۈكلەر ئىچىدە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى ، «مەيدىگە چىگىپ قويۇلىدىغان ، بۇرنىنى سۈرتۈشكە ئىشلىتىلىدىغان يىپەك رەخت»نى ئىپادىلەيدىغان ئۇلاتۇ) (ulatu)دىۋان ـ 122 ،I،«بەت ) دېگەن سۆز . ھەممىمىزگە مەلۇمكى ، قەدىمكى دەۋردە ياكى ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋردە مەيلى گرېتسىيە ۋە مەيلى ئىسلام دۇنياسىدا بولسۇن قولياغلىق ئىشلىتىلمەيتتى . غەربىي ياۋروپا بىرىنچى قېتىم 15 ـ ئەسىردە يىراق شەرقتىكى جوڭگو مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ، قولياغلىق ئىشلىتىشكە باشلىغان . ئەمما ، جوڭگودا قەدىمدىن باشلاپ قولياغلىقنى ئىشلەتەتتى . جوڭگونىڭ تەسىرى بىلەن ، موڭغۇللارمۇ قولياغلىق ئىشلەتكەن ـ 11 ، ئەسىردە تۈركلەرنىڭ قولياغلىق ئىشلەتكەنلىكىنى يىراق شەرقتىكى جوڭگو مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدىن كۆرۈش كېرەك .

قەشقەر دەۋرىدىن كېيىن ئىسلام ـ تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ كېيىنكى مەركىزى سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى خارەزىم بولدى.

سەككىزىنچى لېكسىيە (ئەسلى كىتاب 139 ـ 158 ـ بەتكىچە)

مەيلى 12 ـ ئەسىردىكى سامانىي بولسۇن ياكى 13 ـ ئەسىردىكى ياقۇت بولسۇن ، يەسى شەھرىنى (بۈگۈنكى تۈركىستان شەھىرى)گەرچە

بۇ شەھەرنىڭ نامى 12 ـ ئەسىردىلا مەۋجۇت بولسىمۇ ، تىلغا
ئالىنغان . شەيخ ئەھمەد يەسەۋى مۇشۇ جايدا تۇغۇلغان . ئەڭ
بولمىغاندىمۇ مۇشۇ جايدا ياشىغان ھەم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مۇشۇ
جايغا دەپنە قىلىنغان . ئەھمەد يەسەۋى ھىجرىيە 562 ـ يىلى (مىلادىيە
1166 ـ 1167 ـ يىللىرى) ۋاپات بولغان . بىر قىسىم ماتېرىياللارغا
ئاساسلانغاندا ، ئۇ سايراملىق بولۇپ ،بۇ سايرام شىنجاڭدىكى سايرام
ئەمەس (شىنجاڭدىكى سايرام ئەينى دەۋردە تېخى مەۋجۇت ئەمەس
ئىدى . ئۇنى 16 ـ ئەسىردىكى كۆچمەن سايراملىقلار قۇرغان، «ئىلمىي
ماقالىلەر مەجمۇئەسى ، (0188، XVII، « بەلگى بۇگۈنكى
چىمكەنتنىڭ ( ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى ـ 891 ،I ، بەت )
شەرقىدىكى سايرامنى كۆرسىتىدۇ . ئۇ ئىسپىجاپ ياكى «ئاق
شەھەر (al ـ madima+al ـ baida)«دەپمۇ ئاتىلاتتى . بۇ سايرام
مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇچرايدۇ
(«دىۋان ـ 133 ،III ،«بەت . )

ئەھمەد يەسەۋى (تۈركلەر ئۇنى ئاتا يەسەۋى دەپ ئاتىغان ) ئىسلام
دىنىنىڭ) بولۇپمۇ سوپىزىمنىڭ) تۈركلەر ئارىسىدا تارقىلىشىدا مۇھىم رول
ئوينىغان بولۇپ ، ئۇنىڭ تۈركچە يازغان تەسەۋۋۇپ ئېقىمىغا ئالاقىدار
شېئىرلىرى زور ئىناۋەتكە ئىگە ، شۇنداقلا ھازىرغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
خەلق شائىرلىرى ئۇنى تەقلىد قىلىپ كەلمەكتە . ئەپسۇسكى ، ئۇنىڭ
ئەسەرلىرى كەڭ تارقالغاچقا ، ئۇ ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرى
ساقلانمىغان . ھازىرقى نۇسخىلىرى بەلكىم ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە
ئەگىشىپ ، ئۇنىڭ ئەسلى تىلىمۇ ئۆزگەرتىۋېتىلگەن نۇسخىلىرى بولۇشى

مۆمكىن . ئەھمەد يەسەۋى توغرۇلۇق ، پۈتۈنلەي كېيىنكى دەۋرلەردە تارقالغان رىۋايەتلەر ئارقىلىق بىر قىسىم نەرسىلەرنى بىلەلەيمىز . بۇ خىل رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا ، ئەھمەد يەسەۋى بىر تۈرك ئۇستازى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىسمى ئارسلان باب ئىدى(ئارسلان باب ياكى باب ئارسلان . ھەممىمىزگە مەلۇمكى ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەرەب تىلىدىكى باب دېگەن بۇ سۆزنىڭ> ئىسلام دىنى تارقاتقۇچى ئۇستاز <دېگەن مەنىسى بار ).

ئارسلاننىڭ ئوغلى مەنسۇر ئاتا ئەھمەد يەسەۋىنىڭ بىرىنچى ئەۋلاد ئىز باسارى ئىدى . يەسەۋىنىڭ ئۆزى بولسا پارس تەسەۋۋۇپ ئېقىمىدىكى يۈسۈپ ھەمدانىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد ئىز باسارى ئىدى . يۈسۈپ ھەمدانى ھەمداندىن تۈركىستانغا كەلگەن ھەم 1140 ـ يىلى مەرۋىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئۇ مەرۋىدە سوپى ئېقىمىنىڭ شەيخى بولۇپ ، مۇشۇ مەزھەپكە يېتەكچىلىك قىلغان . ئەلى بىننى ھۈسەين ئەل كاشفىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا ، يۈسۈپ ھەمدانى تۈرك تىلىنى بىلمەيتتى ، بىراق بۇ ئۇنىڭ تۈرك تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنى يارىتىشىغا توسالغۇ بولالمىغان . يۈسۈپ ھەمدانىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد ئىز باسارى يەسەۋىنىڭ بىۋاستە ئۇستازى شەيخ مۇھەممەد ھەسەن ئىبنى ھۈسەين ئەنداقى بولۇپ، ئۇ 1157 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن ، ئەنداقى توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش ھەم ئۇنىڭ دوستى سامانىي بىر قىسىم خاتىرلەرنى قالدۇرغان ، بىراق يەسەۋى توغرۇلۇق ھېچنېمىنى تىلغا ئالمىغان ، ھەتتا ئۇنىڭ لەقىمى نىسبە (nisbe)توغرۇلۇق سامانىي ئۆزىنىڭ لەقەملەر توغرۇلۇق يازغان ئەسىرىدىمۇ توختالمىغان») ئىسلام ژۇرنىلى ـ 112 ،XVI ، «بەت.)

تۈرك ئۇلۇغلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان ئەھمەد يەسەۋىگە بولغان چوقۇنۇش سىر دەريا ۋادىسىدا ئۇزۇن زامانلارغىچە ساقلانغان بولۇپ ، 14 ـ ئەسىردىكى تېمۇرمۇ ئۇنىڭغا ئاتاپ ھەيۋەتلىك قەبرە سالدۇرغان ئىدى . بۇ نۇقتا شۇنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ ، ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ئىز باسارلىرى ئىچىدە نۇرغۇنلىرى تۈركچە يېزىقچىلىق قىلالايتتى ھەم تۈركچە تەخەللۇس قوللىناتتى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھاكىم ئاتا ياكى سۇلايمان بەكىرخاننى دېيىدىغان بىرسى بولۇپ ، ئۇنىڭ پائالىيىتى خارەزىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك . ھاكىم ئاتىمۇ ئەھمەد يەسەۋىگە ئوخشاش تۈرك تىلىدا بىر پارچە تەسەۋۋۇپ ئەقلىيە سۆزلۈكلىرى توپلىمى يازغان ئىدى . بىراق ، ئۇ ئۇنى شېئىرىي شەكلىدە ئەمەس ، نەسرى شەكلىدە يازغان . ھاكىم ئاتىنىڭ ئەقلىيە سۆزلۈكلىرىمۇ يەسەۋىنىڭ ئەسىرىگە ئوخشاش چۈشىنىشلىك ، ئاممىباب تىلدا يېزىلغان بولۇپ ، ئۇ كەڭ ئامما ئۈچۈن يېزىلغان ئىدى.

خارەزىم ۋە سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى ، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن مەدەنىيەت ئالاقىسى بار بولغان شەھەرلەر موغۇل ئىستىلاسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئەدەبىيات ھەم ئىلىم ـ پەن پائالىيىتىنىڭ سەھنىسى بولغان ئىدى . بۇلېكماننىڭ «ئەرەب ئەدەبىيات تارىخى» دا ، خارەزىم ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا يېزىقچىلىق قىلغان نۇرغۇن يازغۇچىلارنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان . بىلىشىمچە ، كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان يازمىلار بەلكىم بۇ خىل تىزىملىكنى تېخىمۇ كېڭەيتىۋېتىشى مۇمكىن . ئەلۋەتتە بۇلارنىڭ زور كۆپى دىنىي ئەسەرلەر، بىراق بۇ ئەسەرلەرمۇ پەقەت تەسەۋۋۇپچىلار بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولماستىن ، بۇ

ئەسەرلەر ئىچىدە مېنىڭ بىلىشىمچە خارەزىم تىلىدا يېزىلغان
ماتېرىياللارمۇ بار . 12 ـ ئەسىردىكى خارەزىم ئۆلىمالىرى ئىچىدە
زەمەخشەرى ھەم شەھرىستانىغا ئوخشاش دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە
ئالىملارمۇ بار ئىدى . مۇھەممەد ئىبن قەيس ئاتلىق بىر ئالىم خارەزىم
شاھى جالالىدىن ئۈچۈن تۈرك تىلىغا ئالاقىدار بىر «چوڭ
كىتاب»(ئەرەبچە (يازغان ئىدى . بۇ مەھمۇد كاشغەرىيدىن كېيىن
يېزىلغان تۈرك تىلىغا ئالاقىدار ئەسەر بولۇپ، ئەپسۇسلىنارلىقى بىزگىچە
يېتىپ كېلەلمىگەن . ئىبن مۇھەننا شۇ كىتابتىن نەقىل ئالغان .
تۈركلەر ئەينى دەۋردە خارەزىمدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان يۈكسەك
مەدەنىيەتنى ئىگىلەپلا قالماستىن ، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئۆگەنگەنلىرى
ئارقىلىق تۈرك ئىسلام ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغان .
دەسلەپكى موڭغۇل دەۋرى تۈرك ـ خارەزىم ئەدەبىياتى بولمىغاندا ئىدى
، خارەزىم يەنى، ئادەتتە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ
موڭغۇل دەۋرىدىكى تۈرۈك ئەدەبىياتىدا ئىگىلىگەن ئورنىنى چۈشىنىش
تەسكە توختايتتى، ئەمما بۇ نوقتا ھازىر تېخىمۇ ئېنىق بولدى.
خارەزىمدىكى ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىن كېلىپ چىققان بىر شائىر
1353 ـ يىلى بىر ئەسەر يازغان بولۇپ) خارەزمىنىڭ « مۇھەببەتنامە»
سىنى كۆرسىتىدۇ)، بۇ ئەسەر تېمۇر دەۋرىدىن كېيىنكى چاغاتاي تىلى
دەپ ئاتالغان ئەدەبىي تىلدا يېزىلغان. بۇ ئەسەر يازغۇچى تۇغۇلغان
خارەزىم (يازغۇچىنىڭ تەخەللۇسى خارەزمى) دە يېزىلماستىن، بەلكى سىر
دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا يېزىلغان (برېتانىيە مۇزېيىدا ساقلانغان
نۇسخىسىنىڭ نومۇرى 8193 ـ 312 ،بەتتە «سىر ياقىسىدا»دەپ

يېزىلغان، شۇنداقلا ئا .ساميلۇۋچىنىڭ«مىرئەلشىر»دېگەن ماقالىسىغا قاراڭ، لېنىنگراد، 1928 ـ يىلى 17 ـ بەت .(شائىر خارەزمىنىڭمۇ ( مەن كۇنستانتىنپولدا بىكتىكەنگە ئوخشاشلا) پىشۋاسى بار ئىدى .هازىرقى ساقلىنىۋاتقان قۇتۇبىنىڭ داستانى «خۇسرەۋ ـ شىرىن » (پارىژ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ، قەدىمكى تۈرك تىلىدا يېزىلغان نۇسخىسى، نومۇر : 312 ) خارەزمىنىڭ ئەسەرلىرىگە ئوخشاش جانبېك دەۋرىدە يېزىلغان بولماستىن ، بەلكى ئۇنىڭ ئىنىسى تىنبەككە تەقدىم ئېتىلگەن ،ئەينى چاغدا تىنبەك تېخى « شاھزادە » ئىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەسەر ئۆزبېكخان (تىنبەكنىڭ ئاتىسى) دەۋرىدە ، يەنى 1340 ـ يىلىدىن بۇرۇن يېزىلغان . سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى چىمكەنت شەهرىدە ، 13 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا هېسامىددىن هەمىد ئىبن ئاسىم ئەل بارچىنلىقى ئىسىملىك بىر قانۇنشۇناس ئۆتكەن بولۇپ ، ئۇ ئۈچ خىل تىلدا يېزىقچىلىق قىلالايتتى . جامال قارشى ( ئۇ بۇ كىشىنى تونۇيتتى)بۇ كىشى هەققىدە ،«ئۇنىڭ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلىرى پاساهەتلىك ، پارس تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلىرى ئۆتكۈر ، تۈرك تىلىدا يازغان ئەسەرلىرى بولسا هەققىي ئىدى» ، دېگەن (بارتولد:«تۈركىستان» ، بىرىنچى قىسىم ، ئەسلى تېكىست 151 ـ بەت.)

جامال قارشى 1230 ـ يىلى ئالمالىقتا تۇغۇلغان(بۇ كىشى14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە هايات ياشىغان ) ، بىراق كېيىنچە ئاساسلىقى قەشقەردە ياشىغان . ئۇ هىجرىيە 672 ـ يىلى ، مىلادىيە 1273ـ 1274 ـ يىللىرى چىمكەنتكە بارغان هەم ئۇ جايدا هېسامىددىن بىلەن

تونۇشقان( «ئىلمىي ماقالىلەر مەجمۇئەسى ، (207 ، XI ، «جامال

قارشىنىڭ بايانلىرى ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى 13 ـ ئەسىرلەردە

تۈركىستان مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغانلىقىنى

چۈشەندۈرىدۇ. بۇ خىل تەسىرنى تاكى يېقىنقى مەزگىلگىچە ئاسىيالىقلار

بولمىسۇن ياكى ياۋروپا ئالىملىرى بولمىسۇن بايقىمىغان ئىدى. 16 ـ

ئەسىرنىڭ بېشىدا بابۇر چاغاتاي كلاسسىك شائىرى ئەلشىر نەۋائىنىڭ

ئەسەرلىرىنى پەرغانىنىڭ ئەنجان شەھىرى دىئالېكتىدا يېزىلغان ، دەپ

قارىغان ئىدى . 1888 ـ يىلى رادولوف ( «ئىلمىي ماقالىلەر

مەجمۇئەسى ، I ، III «نىڭ تۆۋەندە ) بابۇرنىڭ خاتالاشقانلىقىنى

ئىسپاتلىماقچى بولۇپ ، چاغاتاي تىلىنى بىر خىل كىشىلەرنى ئاساس

قىلغان كىتابىي تىل (ئەدەبىي تىل) ، ئۇنىڭ ھەر قانداق يەرلىك

دىئالېكت بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ، دەپ قارىغان ئىدى . ئۇ يەنە

چاغاتاي تىلىنىڭ مەنبەسى شەرقنىڭ غەربكە بولغان مەدەنىيەت تەسىرى

بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، يەنى ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن (ئەينى چاغدا

ئۇرخۇن مەڭگۈ تېشى تېخى بايقالمىغان ) تاكى 1310 ـ يىلى يېزىلغان

«قىسەسۇل ـ ئەنبىيا» غىچە بولغان تەسىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ

قارىغان ئىدى . رادولوف «قىسەسۇل ـ ئەنبىيا»نى ساپ قەدىمكى ئۇيغۇر

تىلىدا يېزىلغان ، چاغاتاي تىلىنى بولسا ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا 14 ـ

ئەسىردە تارقالغان ، دەپ قارايدۇ ـ 14) ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى

توختامىش ھەم تۆمۈر قۇتلۇقنىڭ تىلى) . ئۇنىڭ پىكرىگە ئاساسلانغاندا

، بۇ پەرمانلارنى «چاغاتاي ئەدەبىي تىلىغا پىششىق» بىرسى يازغان .

ئەينى چاغدا چاغاتاي تىلى پەقەت ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ تۈركىستانغا

كۆرسەتكەن مەدەنيەت تەسرى ئاستىدىلا شەكىللەنگەن ، ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى دەپ قارىغىلى بولمايتتى.

موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى بولمىغاندا ئىدى ، چاغاتاي ئەدەبىي تىلى شەكىللەنمىگەن بولاتتى .

تارىخچى راشىدىنىڭ ئالدىنقى موڭغۇللار دەۋرىدىكى تاتار قەبىلىسىنىڭ نامى بىلەن بۇئىرنور (Buir-Nor) دا ئولتۇراقلاشقان تاتارلار دۆلتىنى بىر - بىرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈشى ھەممىگە مەلۇم . ھازىر تاتار دېگەن بۇ سۆزنىڭ ناھايىتى بۇرۇندىن باشلاپلا ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلدۇق (ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدىن - 8 ، ئەسىر باشلانغاندىن باشلاپ ) . بۇ سۆز 10 - ئەسىردىكى «ھۇدۇدۇل ئالەم »دېگەن كىتابتا ، 11 - ئەسىردىكى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان»دا ئۇچرايدۇ . ھەر قايسى تەرەپلەردىن قارىغاندا ، بۇ سۆز ئەسلىدە موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەرنى كۆرسەتتى . راشىدىنىڭ بايانى ۋە باشقا ماتېرىياللاردىن قارىغاندا ، موڭغۇل تىلى ھەم تۈرك تىلىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى بۈگۈنكىدىن كۆپ پەرىقلەنمەيتتى ياكى ئوخشايتتى .

موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغانلاردىن نايمانلار بار بولۇپ ، ئۇلار ئورخۇن دەرياسىدىكى غەربىي موڭغۇللاردىن تاكى ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرىقى ئېقىنىغىچە ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ شىمالىي قوشنىسى بولغان يېنىسەي دەرياسىنىڭ مەنبەسى «سەككىز مۇرەن» دىكى ئويراتلارغىچە بولغان جايلارنى ئىگىلىگەن . «سەككىز مۇرەن» دېگەن بۇ ئىسمىمۇ موڭغۇل تىلى بىلەن تۈرك تىلىنىڭ ئارلاشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ») سەككىز»بولسا تۈرك تىلى ، «مۇرەن» بولسا موڭغۇل تىلى بولۇپ، «دەريا» دېگەن

مەندە) ئۇيراتلارنىڭ شىمالىدا يېنسەي بويىغا ئولتۇراقلاشقان تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغانلاردىن قىرغىزلار بار ئىدى . ئېرتىش دەرياسى ۋادىسىدىكى نايمانلارغا قوشنا بولغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغانلاردىن قاڭلى، قىپچاق ، يەنە قارلۇقلار بولىشى مۇمكىن ، ئۇلارنىڭ پايتەختى قايالىق ئىدى . بۇ شەھەر 12 ـ ئەسىرلەرگە يېقىن يەتتىسۇ رايونىنىڭ شىمالىي قىسمىغا قۇرۇلغان .

شۇڭا سىر دەرياسى(دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ )رايونى پەرغانىدىن ئارال دېڭىزىغىچە بولغان رايونلاردا خارەزىمنىڭ چېگرىسى ھېسابلىناتتى ، ئىلگىرى غەربىي لياۋغا مەنسۇپ بولغان رايونلىرى(ئەڭ شىمالدىكى قارلۇقلار دۆلىتىدىن باشقا رايونلار چىڭگىزخانغا مەنسۇپ ئىدى ) كۈچلۈك ھاكىمىيەتكە مەنسۇپ بولۇپ ، ئۇ شەرقتىن كەلگەن نايمانلارنىڭ باشلىقى ئىدى ، شۇنداقلا نېستورىئان دىنىنىڭ مۇرىتى ئىدى . بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ، ئۇ غەربىي لياۋدا دىن ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ ، ئۇلارنىڭ دىنىنى بۇددا دىنىغا ئۆزگەرتىۋەتكەن . كۈچلۈك 1211 ـ يىلى گورخان (غەربىي لياۋ)ھاكىمىيىتىنى ئىگىلىۋالدى .

بۇ ۋاقىتتا ، يەنى 1211 ـ 1214 ـ يىللىرى ئالمالى شەھىرىدە (بۇ شەھەر بۈگۈنكىدىن بۆرۈن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ ، ھازىرقى ئىلى رايونىدا ) بىر يېڭى مۇسۇلمانلار دۆلىتى قۇرۇلغان بولۇپ ، بۇ كىچىك دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىسى ئەسلىي بىر باندىت ھەم ئات ئوغرىسى ئىدى ، بىراق بۇ ئۇنىڭ بىر سۇلالىنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇشىغا توسالغۇ بولالمىغان . بۇ كىچىك دۆلەت تاكى 14 ـ ئەسىرگىچە مەۋجۇت

بولۇپ تۇرغان ، ئۇ باشتىلا چىڭگىزخانغا ئىتائەت قىلغان . كۈچلۈك بىر قېتىملىق ئوۋ ئوۋلاش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ خاننى تۇتىۋېلىپ ئۆلتۈرىۋەتكەن ، بىراق باشقا ھايات قالغانلار كۈچلۈك قوشۇنى قەلئەنى قورشىۋالغاندا ، تاكى موڭغۇللاردىن ياردەمگە كېلىپ مۇھاسىرىنى بۇزغانغا قەدەر ئالمالىق شەھرىنى قوغداپ تۇرغان . كۈچلۈك چىڭگىزخان قارامىلىقىدىكى يەنە بىر ئەل قارلۇق ئارسلانخانغىمۇ ھېچقانداق ھەركەت ئىشلەتمىگەن ، ئۇ كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ قەشقەر رايوننى ئىگىلىگەن . بۇ رايوننى ئىگىلىگەندىن كېيىن ، كۈچلۈك بۇ رايوندا تارىختىكى تۇنجى ، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئىسلام دىنىغا بولغان زىيانكەشلىكنى يۈرگۈزگەن . ئېيتىشلارغا ئاساسلانغاندا ، كۈچلۈك شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنى غەربىي لىباۋچە كىيىنىشكە مەجبۇرلىغان ، ناماز ئۆتەشنى چەكلىگەن . ئۇ خوتەندە بىر ئىمامنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن . ئۇ يەنە ھەر بىر مۇسۇلمان ئائىلىسىگە بىردىن نايمان ئەسكەرنى كۆزەتچىلىككە ئورۇنلاشتۇرغان . بۇنداق ئەھۋالدا ،مۇسۇلمانلارمۇ خارەزىم شاھىنىڭ ھېچقانداق ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەن ، پەقەت 1218 ـ يىلى موڭغۇل قوشۇنى يېتىپ بارغاندىن كېيىن ، ئاندىن بۇ خىل ئېزىلىشتىن قۇتۇلغان .

بۇ ۋاقىتتا خارەزىم شاھ يەنىلا دىنىسىزلار بىلەن بولغان ئۇرۇشنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى ،ئۇ زەربە بېرىش ئوبيېكتىنى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئانچە كۈچلۈك بولمىغان ، تەشكىللىنىشى ناچار دۈشمەن ـ قىپچاقلارغا ئۆزگەرتكەن ئىدى . بۇ جايدا ، يەنى ئىرگىز ئەتراپىدا خارەزىم شاھ قوشۇنى بىلەن غەربكە قاچقان مەركىتلەرنى قوغلاپ زەربە

بېرىشكە قاتناشقان شۈچى رەھبەرلىكىدىكى موڭغۇل قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا تاسادىپىي گىرەلەشمە جەڭلەردىن قانچە قېتىملاپ يۈز بەردى.
توققۇزىنچى لېكسىيە (ئەسلى كىتاب 15 ـ 179 ـ بەتكىچە(

ـ 14ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ، خارەزىم بىلەن ۋولگا دەرياسى رايونىنىڭ مۇناسىۋىتى سىر دەرياسى رايونىغا قارىغاندا يېقىن ئىدى . ئۆزبەكخان نامىدا بىرلا ۋاقىتتا تەڭگە قۇيدۇرغان ئىدى . ئەمما ، سۇغناقتا ئەينى دەۋردە باشقا بىر خانىنىڭ (شۈچى تەبىقىسىگە مەنسۇپ بولسا كېرەك) نامىدا تەڭگە قۇيدۇرۇلغان ئىدى . شۈچى ھەم ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ تېررىتورىيىسى غەربىي لياۋنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردىن ، يەتتىسۇ رايونىنىڭ بىر قىسمى ، قايالىق شەھىرى ، شۇنداقلا ئادەتتە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ئېرتىشتىن ئالاكۆر ، ئىلى ھەم سىر دەرياسىغىچە بولغان پۈتكۈل رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشقا باشلىغان ئىدى . پىلانو كارپىنى ـ 1246 (plano Carpini) يىلى شەرققە كەلگەندە ، شۈچىنىڭ چول ئوغلى ئوردا بۇ رايونىنىڭ شەرقىدىكى ئېرتىش دەرياسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايىدا تۇراتتى . غەربى تەرەپ ، يەنى ئىلى دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلار شۈچىنىڭ كىچىك ئوغلى شىبەنگە تەۋە ئىدى . مۇسۇلمان يازغۇچىلار كېيىن ئۇنىڭ ئىسمىنى شەيبان دەپ ئۆزگەرتىپ ئىشلەتكەن . شۇڭا ، 16 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى شىبەنىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ، يەنى ئۆزبەكخان دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئەرەب قەبىلىسىدىكىلەر بىلەن ئىسمداش بىر شائىرنىڭ ئىسمى بولغان شەيبانى دېگەن ئىسمىنى قوللانغان (شەيبانى سۇلالىسى توغرىسىدا بارتولدنىڭ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» ، 294 ـ بەتتىكى

ماقالىگە قاراڭ. )

ئەبۇل غازىنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا ، شىبەن ئۆز قېرىندىشى بودۇ («ئىسلام ئېنسكلوپېدىيىسى» گە قاراڭ ـ 709 ، I ،بەت ) ئارقىلىق ئوردا تېررىتورىيىسى ئارىلىقىدىكى جايغا ئىگە بولغان . ئۇ يازنى ئۇلار دەرياسى بىلەن ئۇلار تېغىنىڭ شەرقىدىكى يەنى ئىلىك دەرياسى ساھىلىدىكى ئىرغىز ئورادا ئۆتكۈزسە ، قىشنى ئاراقۇم) ؟) ، شۇنداقلا سىر ، چۇ دەرياسى ساراسۇ قىرغىقىدىكى قاراقۇمدا ئۆتكۈزەتتى.

ئەبۇل غازى 17 ـ ئەسىردىكى يازغۇچى بولۇپ ، ئۇنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق ئەمەس ، بىراق ئۇنىڭ ماتېرىياللىرى ئوردا ، بودۇ ھەم شىبەن بىلەن دەۋرداش پىرانو كارپىسنىڭ خاتىرلىرى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە . شىبەننىڭ ۋارىسلىرى باشقا جايلاردىمۇ پائالىيەت ئېلىپ بارغان . راشىدىننىڭ خاتىرىسىگە (بولۇش نۇسخىسى، 117 ـ بەت) ئاساسلانغاندا ، شىبەننىڭ نەۋرىسى تىرىك يەرلىك مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ باشلىقى ئىدى . شىبەننىڭ زېمىنى تاكى 15 ـ ئەسىرگىچە يەنىلا ئۇنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ قولىدا ئىدى . ئۇنىڭ نەسەبنامىسىنى (چوڭ زىددىيەت يوق) ئەبۇلغازى كۆرگەن ھەم 15 ـ ئەسىردىكى بىر نامى ئېنىق بولمىغان تارىخچىنىڭ نەسەبنامە ئەسرى» ئېسلىزادىلەر نەسەبنامىسى»دە ، شۇچى خانلىقىغا مەنسۇپ ھەر قايسى قەبىلىلەر ئىچىدە شىبەننىڭ ۋارىسلىرىغا مەنسۇپ رايونلاردىكى چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا ئالاقىدار يازمىلار ئەڭ كۆپ ساقلانغان ، بىراق شىبەن رايونىدا ھاكىمىيەت ئوخشاش بىر خانلىق نەسەبىدىلا 200 يىلدىن كۆپرەك ساقلانغان . بۇ كۆچمەن چارۋىچى

خەلق ئارىسىدا ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋال . شىبەننىڭ ۋارىسلىرى شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئەڭ ئاز ئۇچرىغان بولغاچقا ، چارۋىچى خەلقنىڭ ئۆرۈشقاقلىق ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالغان ، شۇڭا چىڭگىزخان ھاكىمىيىتى ھەممىلا يەردە پۈتۈنلەي يوقىلىشقا باشلىغاندا ، ئۇ تاجاۋۇزچى رولىنى ئالغان.

ئەمەلىيەتتە، شۇچى خانلىقىنىڭ غەربىدە (بۇ يەرگە ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بودۇ ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە ئاتىسىنىڭ تېررىتورىيىسىدىكى ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران ئىدى )مۇڭغۇللار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت جەھەتتە زور گۈللىنىش بارلىققا كەلگەن ئىدى . موڭغۇللار ئۆزلىرى يوقاتقان ۋولگا بۇلغار خانلىقى چېگرىسى ئىچىدە ئولتۇراقلىشىپ ، ئورۇسلاردىن ئالىدىغان ئولپان بىلەنلا قانائەتلەندى ھەم ئۇ جايدا تۇرۇشلۇق ۋەكىل ئەۋەتتى . موڭغۇل قوشۇنى 1223 ـ يىلى رۇسىيىنىڭ بەنشىدىن چىڭگىزخاننىڭ يېرىگە قايتىشىدا ،بۇلغارلارنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىغا ئۇچراپ ، چوڭ زىيان تارتقان . شۇنىڭ بىلەن 1236 ـ يىلى موڭغۇللار بۇلغارلاردىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن ، بىر ھۇجۇم بىلەنلا بۇلغار خانلىقىنى ئىگىلەپ ، ئۇلارنىڭ پايتەختىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن . بىراق ۋەيران قىلىۋەتكەن پايتەخت تېزلا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن . ئۇ يەردە ھازىرغىچىلىك ساقلىنىپ قالغان قۇرۇلۇش ھەم مەڭگۈ تاشلارنىڭ ھەممىسى موڭغۇللار دەۋرىگە مەنسۇپتۇر . ئاشۇ بىر دەۋردە بۇلغار شەھىرى شۇچى خانلىقى دائىرىسى ئىچىدىكى بىردىنبىر موڭغۇل خان پۇل قۇيۇپ تارقاتقان شەھەردۇر . مەڭگۈ تاشلاردىن ئاھالىلەرنىڭ تاكى 14 ـ ئەسىرنىڭ

باشلىرىغىچە موڭغۇللار دەۋرىدىن بۇرۇنقى تىلنى ساقلاپ كەلگەنلىكىنى بىلەلەيمىز ، بۇ تىلنىڭ قالدۇقى بۇگۈنكى چۇۋاش تىلىدۇر . بىراق ، ئۇلار تەدرىجى قىپچاق ـ تۈرك تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ، تۈرك تىلى بۇ جايدىمۇ موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئوخشاش تەدرىجى دۆلەت تىلىغا ئايلانغان . 14 ـ ئەسىردىكى موڭغۇللار ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا قۇرۇلغان شەھەر (قازان شەھىرى)لەردىمۇ ، باشتىن باشلاپلا تۈرك تىلى قوللىنىلغان، ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا بودۇ دەۋرىدىلا يېڭى شەھەرلەر بەرپا قىلىنغان . دىن تارقاتقۇچى لۇبلوك 1253 ـ يىلى موڭغۇللار زېمىنىغا بارىدىغان يولدا ، يەنى ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدا «رۇسلار ھەم سالاسنلار(يەنى مۇسۇلمانلار)تاتارلار ئۇچۇن قۇرۇپ بەرگەن بىر يېڭى ئاھالىلەر رايونىنى كۆرگەن ، ئۇلار بودۇ ئوردىسىغا بارىدىغانلارنى ھەم ئۇ يەردىن قايتقان ئەلچىلەرنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويىدىكەن » . بۇ جاي سالاتۇق ئەتراپىدىكى كېيىق (ukek)دەپ ئاتالغان جاينى كۆرسىتىدۇ . 1254 ـ يىلى موڭغۇللار يېنىدىن قايتىپ كېلەشدە لۇبلوك ساراي دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر يېڭى شەھەرنى ئۇچراتقان . بۇ بودۇ ئادىلر) ۋولگا) دەرياسى ۋادىسىغا قۇرغان بىر شەھەر . لۇبلوك بۇ شەھەردىن ئۆتكەن . ئۇ پەقەت» ساراي ھەم بودۇ ئوردىسىنىڭ دەريانىڭ شەرقىي قىرغىقىدا» ئىكەنلىكىنىلا تىلغا ئالغان ، ئۇ شەھەر ھەم ئوردا ئۇستىدە تەپسىلىي توختالمىغان . مۇشۇ جاينىڭ ئەتراپىدا ، ۋولگا دەرياسى تارماق ئېقىمىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا دەسلەپكى موڭغۇل دەۋرىگە مەنسۇپ بىر شەھەر بولۇپ ، ئېيتىلىشىچە ، موڭغۇللار

بۇ شەھەرنى سەككىز يىلدىن ئۇزۇنراق قورشاپ ھۇجۇم قىلغان.

ساراي پارسچە سۆز بولۇپ ، تۈركلەر بۇ سۆزنى قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەن . بۇ سۆز «قۇتادغۇبىلىگ» تە ئۇچرايدۇ ، موڭغۇللار دەۋرىدە بۇ سۆز خان تۇرۇشلۇق جايلار ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەرنى ئاتاشقا قوللىنىلغان . ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدىكى ساراي شەھرىنىڭ ئورنى ئىلىم ساھەسىدە تېخى ھەل بولمىدى . تەڭگە ھەم بىر قىسىم يازمىلاردا خاتىرىلەنگەن يېڭى ساراي شەھرى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ، ئىككى شەھەر ياكى بىرلا شەھەرنى ساراي شەھرى دەپ ئاتىغانلىقىدەك مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . لۇبلوكنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا ، بودۇ قۇرغان بىرىنچى ساراي شەھرىنىڭ خارابىسى بۈگۈنكى سىلترىننىي كەنتىدە ، يەنە بىر ساراي شەھرى بودۇنىڭ قېرىندىشى بىرگىنىڭ ئىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، كارىيۋغا جايلاشقان . ئۇ جايدا ساقلانغان خارابە ھەم قېزىۋېلىنغان يازمىلارغا ئاساسلانغاندا ، بۇ شەھەر تارىختا ناھەيتى مۇھىم رول ئوينىغان.

ھازىر ، مەن (ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى ساراي شەھرى توغرۇلۇق «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى ـ 16 ، IV، «بەتكە قاراڭ ) سىلىرنىيىگە جايلاشقان ساراي شەھرى بودۇ قۇرغان ساراي شەھرى بولۇپلا قالماستىن ،ئۇنىڭ قېرىندىشى بىرگىنىڭمۇ ساراي شەھرى ئىدى .كارىيۋدىكى يېڭى ساراي شەھرى بولسا ، ئۆزبېكخان دەۋرىدە قۇرۇلغان بولۇپ ، جانىبېك دەۋرىدە تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان ، دەپ قارايمەن . شۇڭا ، تارىخىي ماتېرىياللاردىكى بىرگىنىڭ ساراي شەھرى ئۆزبەكخان دەۋرىدىكى ساراي شەھرىنى كۆرسىتىدۇ . ھازىر قولىمىزدا ھىجرىيە 710

ـ يىلى ، يەنى مىلادىيە 1311 ـ 1310 ـ يىللىرى ئۆزبېكخان تەختكە ۋارىسلىق قىلىشتىن ئىلگىرى يېڭى ساراي شەھرىدە قۇيۇلغان تەڭگە بار . ئۇنىڭدىن باشقا ، بىرىسى ماڭا كونستانتىنپولدا مىلادىيە 1305 ـ يىلى يېڭى سارايدا يېزىلغان سوفىزىمغا ئالاقىدار بىر ئەسەرنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى . «يېڭى» (ئەرەبچە الجديد) دېگەن بۇ سۈپەت سۆزى موڭغۇللار دەۋرىدىكى جەنۇبىي رۇسىيىنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىنىڭ تەڭگىسىدە ئۇچرايدۇ . بۇلارنىڭ ئوخشاش ئىككى شەھەر (يېڭى ، كونا) نى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ھازىرغىچە مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيمىز . شەھەرنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ ، يېڭى شەھەر رايونى «يېڭى شەھەر» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن.
شۇچى تېررىتورىيىسىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنىڭ ئەكسىچە ، بۇدۇ ھەم بىرىگىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ تېررىتورىيىسىدىكى شەھەر تۇرمۇشى تېخىمۇ تەرەققىي تاپقان ئىدى . نۇرغۇن شەھەرلەردە تەڭگە قۇيۇپ تارقىتىلغان دىققەت، قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى ، ھەر بىر شەھەرنىڭ تەڭگىلىرى ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىدى . يېقىنقى يىللاردىن بىرى ساراي ھەم باشقا جايلاردىن تېپىلغان قېزىلمىلارغا ئاساسەن ، كىشىلەر ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ (بۇ رۇسىيە يىلنامىلىرىدىكى ئىسىم بولۇپ ، بىلىشىمچە بۇ ئىسىم شەرق تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئۇچرىمايدۇ ) مەدەنىيىتىنى مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىدى ، ھەتتا تاتارلارنىڭ مەدەنىيىتىنى مۇلاھىزە قىلدى . بۇ مەسىلىنى خېلى ئۇزۇنغىچە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . تاكى بىز قايسى مىللەت ئۇ شەھەردە ياكى شۇ جايدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكىنى ھەم ئىسلام دىنى ۋە تۈرك تىلىنىڭ غەلىبىسى بىلەن

ئاخىرلاشقان بۇ مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى بىلىشىمىزگە قەدەر بۇ مەسىلە تەتقىق قىلىنىشنى كۈتىدۇ.

ئالتۇن ئوردا خانلىقىدا موڭغۇل تەركىبى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى ، شۇڭا تۈرك تىلى ئالتۇن ئوردا خانلىقى بىلەن موڭغۇللار قەبىلىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى . بودۇ ھەم ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى بىرىگىلارنىڭ ھەممىسى پۈتكۈل ئىمپېرىيىنىڭ ئىشلىرىنى قارار قىلىشقا قاتنىشاتتى ھەم ئۇلار مۇشۇ مەقسەتلىرى ئۈچۈن موڭغۇللار ئۈستىگە يۈرۈش قىلغان ئىدى . لۇبلوك 1253 ـ يىلى پۈتكۈل ئىمپېرىيىنىڭ بودۇ ھەم موڭغۇلىيىدە تۇرۇشلۇق چوڭ خان مەنگۇدىن ئىبارەت ئىككى كۈچ دائىرىسىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان . ئۇنىڭ چېگىرىسى ئوردۇس دەرياسى بىلەن چۇ دەرياسى ئارلىقىدىكى رايونلاردىن ئۆتەتتى . مۇسۇلمان يازغۇچىلارمۇ ماۋەرائۇننەھر شەھىرىنىڭ بودۇ ھەم بىرىگىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشىدۇ . 1260 ـ يىلدىن كېيىن چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ كېيىنكى ئەۋلادى ئالغۇنىنىڭ دۆلىتى كۈچىيىپ ، ئىلگىرى ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا تەئەللۇق بىر قىسىم رايونلارغىچە كېڭەيدى . ئالغۇ خارەزىم شەھىرىنى ئىگىلەپ بىر قانچە يىلدىن كېيىن بىرىگىنىڭ قولىدىن ئوترار شەھىرىنى تارتىۋالدى ھەم ئۇنى ۋەيران قىلىۋەتتى . بۇ بىر رايون بىر قانچە يىلدىن كېيىنلا يەنە ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا مەنسۇپ بولدى . بىراق ، ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ خانى داۋاملىق شەرققە كېڭىيەلمىدى.

بىرىگ (1257 ـ 1266)ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىلا ئالتۇن ئوردا خانلىقى موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدىكى ئىككىنچى نومۇرلۇق شەخس تەرىپىدىن

مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىقتا ئۆزگەرگەن ئىدى («ئىسلام ئىنسكلوپېدىيىسى»737، ا، «بىرىگ» )، گەرچە كېيىنكى خان مەنگۇ تۆمۈر ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا ئولتۇرغاندىن باشلاپ ئۆز نامى بىلەن تەڭگە قۇيدۇرغان بولسىمۇ ، شۇچى جەمەتىدىكى بارلىق باشقا خانلارمۇ نام جەھەتتىنلا ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا قارام ئىدى (ئوردا ھەم شىبەنىنىڭ ۋارىسلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ،( قاراملىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق رېيال مەنىسى يوق ئىدى . بىر قىسىم تارىخچىلار ئالتۇن ئوردا خانلىقىنى كۆك ئوردا خانلىقى ، ئوردىنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرىنىڭ تېررىتورىيىسىنى ئاق ئوردا خانلىقى دەپ ئاتىشىدۇ ، بىراق ئۇنىڭغا موڭغۇلچە ئىبارە قوللىنىلماي ، تۈركچىدىكى«كۆك» ، «ئاق» قوللىنىلغان . بىر قىسىم تارىخىي ماتېرىياللاردا «كۆك ئوردا خانلىقى»دېگەن بۇ نام ئوردىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ تېررىتورىيىسىنى ئاتاشقا قوللىنىلغان . 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان بىر نامى ئېنىق بولمىغان تارىخچى (بۇ ھەقتە لى ئۇۋنىڭ پارىسچە يازمىسىنىڭ كاتالوگى 1062ـ بەتكە قاراڭ )مۇنداق دەيدۇ : توغتاخان (1290ـ 1312، بۇ نام موڭغۇل خانى 1305 ـ يىلى فىرانسىيە خانلىقىغا يوللىغان مەكتۇپتا ئۇچرايدۇ) تەختتە ئولتۇرغان دەۋردە ، شاھزادە نوغاي (Nogai) ـ 1300،يىلى ئۆلتۈرۈلگەن ) توپىلاڭ كۆتۈرۈپ ، توغتاخان بىلەن شاھزادە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتىن كېيىن خانلىق ئاق ئوردا) شەرقتە)، كۆك ئوردا (غەربتە) دەپ بۆلۈنۈپ كەتكەن . بۇ ماتېرىيالغا ئاساسلانغاندا ، ئاق ئوردا خانلىقى بولسا نوغاينىڭ ۋارىسلىرىغا مەنسۇپ بولىدۇ ، بۇنداق بولغاندا ھەرگىزمۇ تارىخىي ئەمەلىيەتكە ماس

كەلمەيدۇ ھەم بۇ 15 ـ ئەسىردىكى پارىسلارنىڭ شۇچىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ تارىخىنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ . ئەبۇل غازى شىبەنىنىڭ تېررىتورىيىسىنى ئاق ئوردا دەپ ئاتىغان ئىدى . ئوردا ھەم شىبەنىنىڭ تېررىتورىيىلىرىدىن باشقا ، ئالتۇن ئوردا خانلىقى باشتىلا چىڭگىزخانىنىڭ باشقا ئەۋلادلىرىنىڭ تېررىتورىيىسىگە قارىغاندا كۆپ مۇستەھكەم دۆلەت ئىدى . ئايرىم جايلاردا ئۆزلىرىنىڭ ئوردا ھەم قوشۇنى بار پادىشاھلىقلار بار ئىدى ، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى خانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى ، ئەمما دوناي دەرياسىدىن خارەزىمغىچە ھەتتا سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغىچە بولغان پۈتكۈل ئالتۇن ئوردا خانلىقى تېررىتورىيىسىدە موڭغۇللار دەۋرىدىكى ھېچقانداق سۇلالە مەۋجۇت ئەمەس.

باشقا جايلاردىكىگە ئوخشاشلا ئالتۇن ئوردا خانلىقىدىكى موڭغۇللارمۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئېلىپ كەلدى ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ يېزىقنى قىپچاقلار رايونىدىكىلەرنىڭ بىلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ناھايىتى تەس . ھازىر بار بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ يادىكارلىقلىرى ـ 14 ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا مەنسۇپ . شۇ دەۋرگە مەنسۇپ نەرسىلەردىن توختامىش(ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى ـ 874 ،P، IV ،«بەتكە قاراڭ) تىن كېيىنكى تەڭگىلەر بار . ئۇنىڭ ئۈستىدىكى خاننىڭ نامى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان . قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى سالەي قۇيدۇرغان تەڭگىلەردىلا ئۇچرايدۇ . بۇ تەڭگىلەر شۇ نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى ، خاننىڭ نامى بەزىدە موڭغۇلچە بولۇپ ، تۈركچىلىرىمۇ

بولىشى مۇمكىن ، ئۇلار پەقەت ئەرەبچە يېزىلغان يېزىقتا ئوخشمايدىغان تەلەپپۇزدا ئوقۇلغان . مەسىلەن ، جانىبەكنىڭ ئىسمى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا (1341 ـ 1357) (Qambek) قىلىپ يېزىلغان . ئەبۇل غازى ، مۇڭغۇل تىلى 15 ـ ئەسىرلەردىمۇ تېخى قوللىنىلاتتى ، دېگەن . بىراق ئۇنىڭغا دەلىل كەمچىل ، ئالتۇن ئوردا خانلىقى دەۋرىدە مۇڭغۇلچە يېزىق ئىشلىتىلىپ تەڭگە قۇيۇلمىغان ، بەلكى تۈركچە «قۇتلۇق بولسۇن» دېگەن سۆزلەر نەقىشلەنگەن تەڭگىلەر بايقالدى (نامسىز تەڭگە ، بىر قەدەر كېيىنكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولىشى مۇمكىن) . ئىبنى بەتۇ (ئۇ ئۆزبەكخاننىڭ ئوردىسىغا بارغان) ئۇ يەردە پەقەت تۈركچىنىلا ئاڭلىغان . ئوردا ئىچىدىكى ئاياللار توغرىسىدا توختالغاندا ، ئۇ ئۇلۇ خاتۇن ، ( ulu hatun ) كۈچۈك خاتۇن ( kuquk hatun ، يەنى ( «چوڭ خانىش» ، «كىچىك خانىش» ) دېگەندەك تۈركچە ناملارنى تىلغا ئالغان . خان سەئىد ئەۋلادلىرىدىن بولغان مەسلىھەتچى ھەم ئۇستازلارنى ئاتا دەپ ئاتايتتى . تۈك تىلى دۇئالارغىمۇ ئىشلىتىلەتتى . ئازاق شەھرىدە ئىبنى بەتۇتەنىڭ ئالدىدا ، بىر قىسىم ئۇلىماسى سۇلتان (يەنى ئۆزبەكخان) ، ئەمىر (ئازاق شەھرىنىڭ ئەمىرى خارەزىملىقلاردىن ئىدى) ھەم ئۇلتۇرغانلار ئۈچۈن ئەرەبچە دۇئا قىلغان ، ئارقىدىن ئۇنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ بەرگەن . ئەلۋەتتە بۇ مەسچىتتە ئەمەس بىر قېتىملىق زىياپەت ئۈستىدە بولغان . ئۇ قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن كىشىلەر ئالدى بىلەن ئەرەبچە ، ئۇنىڭدىن كېيىن پارسچە ، تۈركچە ناخشا ئوقۇغان.

ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىپ ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدىكى بۇلغارلارغا تەسىر

كۆرستىشى كۆپرەك خازەرىم ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن . يەرلىك تۈركلەر ـ قىپچاقلار مۇڭغۇللار دەۋرىدىن خېلى بۇرۇنلا ئىككى تەرەپتىن (روسىيە ۋە غەربىي ياۋروپا (كېلىدىغان خىرىستىئان دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان . بۇ خىل تەسىر مۇڭغۇللار دەۋرىدىمۇ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان . بۇ بىر نۇقتىنى 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى قىپچاق تىلى لۇغىتىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . ئۇنىڭ ئىچىدە ئىنجىلدىكى ھەم كاتولىك دىنىدىكى شېئىرلارنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى بار بولۇپ ، ئۇ ناھايىتى ياخشى تەرجىمە قىلىنغان . بۇ دىن تارقاتقۇچىنىڭ تۈك تىلىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

خانلىقتا ئىسلام دىنى ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇپ ، ئەسلىي خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقات قىلىپ ، كېيىن ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەرمۇ بار ئىدى . خانلىقتىكى ئىسلام دىنى ھەم خىرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلاردىن بىردەك باج كەچۈرۈم قىلىنغان ئىدى . 1261 ـ يىلى مۇسۇلمان بىرىگخان تەختتە ئولتۇرغان ۋاقىتتا ساراي شەھرىدە پراۋوسلاۋىيە دىنىي رايونى قۇرۇلغان ئىدى.

بىرىگنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىق ئىشى توغرىسىدا كېيىن ئوخشىمىغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى . ئەبۇل غازىنىڭ دېگىنىگە ئاساسلانغاندا ، بىرىگخان خانلىق ئورنىغا ئولتۇرغاندا ، ئىككى بۇخارالىق سودىگەرنىڭ مۇناسىۋىتى تۈپەيلى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان . يەنە بىر قاراشلاردا ، ئۇ تەختكە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرىلا خۇنەجد ھەم بۇخارالىق شەيخلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ئىسلام دىنىنى

قوبۇل قىلغان ، دېيىلگەن . ئۇنىڭغا، راشىدىنىنىڭ كىتابىدا ئوغۇزخان ھەققىدىكى رىۋايەت بىرىگخانغا چېتىلغان ، ئۇنى دىنسىز ئانىسىنى ئەممىگەن ، دەپ تەسۋىرلىگەن . لوبلۇكنىڭ كىتابىدىن ، بىرىگنىڭ بودۇ ھايات دەۋرىدىلا ئىسلام مۇرىتىغا ئايلانغانلىقى مەلۇم ھەم ئۇنىڭ ئوردىدا چوشقا گۆشى ئىشلەتمەيدىغانلىقى بايان قىلغان . خان ئۆزىلا ئەمەس ، ھەتتا ئۇنىڭ توقال ، غۇلاملىرىمۇ ئىسلام مۇرىتلىرى ئىدى . ئۇنىڭ ھەر بىر ئايالى ھەم ئەمىرلىرىنىڭ بىردىن ئىمام ، مۇئەززىنلىرى بولۇپ ، بالىلىرىغا قۇرئان ئۆگىتىدىغان مەكتەپلەرمۇ بار ئىدى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىسلام دىن بىلەن قەتئىي سىغىشالمايدىغان كونا ئادەتلەرمۇ بار ئىدى . مەسىلەن ، ئۇلار دەريا سۈيىدە كىر يۇمايتتى ھەم قاچا ـ قۇچا يۇمايتتى . مىسىر ئەلچىلىرى بۇنى ئۇققاندىن كېيىن ، ئوردىدا كىر يۇماي ، زورۇر تېپىلغاندا ئوغرىلىقچە يۇياتتى.

بىرىگ ئۆلگەندىن كېيىن ، ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا يەنە ئىمانسىزلار ھۆكۈمرانلىق قىلدى . ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا ئۆزبەكخان ھاكىمىيەتتە ئولتۇرغان (1312 ـ ياكى 1313 ـ 1340 ـ يىللىرى) دەۋرگىچە ئىسلام دىنى ئۇستۇنلۇكتە ئىدى . ئىبن بەتۇتە ئۆزبەكخاننىڭ ئۇستازىنىڭ سەئىد ئەۋلادىدىن ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئابدۇل ھەمىد ئىكەنلىكى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرغان . يەنە بىر قاراشتا) برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانغان يازما :«تولۇقلىما» 26،190، لى ئۇۋ: پارىسچە يازمىلارنىڭ مۇندەرىجىسى 163 ـ نىڭ تۆۋىنىدە ، بارتولد «تۈركىستان» ئىنگىلىزچە تەرجىمىسى ، مىراس«تۈرك شەجەرىسى»تەرجىمە نۇسخىسى ،

لوندۇن،1838 ، 232 ـ بەت (تۈركىستانلىق شەيخ سەئىد ئاتا (ئەسلى ئىسمى ئەھمەد ، تاشكەنتكە دەپنە قىلىنغان كەنجى ئاتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ) ئارقىلىق ئۆزبەكخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ، سەئىد ئاتا خانغا سۇلتان مۇھەممەد ئۆزبەكخان دەپ ئىسىم قويۇپ قويغان ، دېيىلگەن . بۇ ئىش ھىجرىيە 720 ـ يىلى ، يەنى توخۇ يىلىدا (1312 ـ يىلى) يۈز بەرگەن . يەنە بىر رىۋايەتتە ، ئەۋلىيانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ماۋەرائۇننەھر رايونىغا كەلگەن ئۆزبېكخاننىڭ پۇقرالىرى ئۆزلىرىنى خان نامى بىلەن ئاتاشقان ، شەيخنىڭ نەسىھەتنى ئاڭلىماي تۈركىستاندا قالغانلىرى قالماق(«قېلىش»دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتالغان ، دېيىلگەن . بىراق ، يەنە باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ (ئەبۇل غازىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ( ئۆزبەكلەرنىڭ نامى ئۆزبەكخان دېگەن نامدىن كەلگەن ، دەپ قەيت قىلىنغان .

ـ 15ئەسىردىكى تارىخچىلار شۇچى ۋارىسلىرىنىڭ دۆلەتلەرىنى (ئۇلۇس)«ئۆزبەك ئۇلۇسى»دەپ ئاتاشقان . ئوتتۇرا ئاسىيادا ، كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆزبەكنى كىشلەر قەبىلە نامىدا قوللىنىپ ، ئۇنى چاغاتاي دېگەن نام (چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى) بىلەن قارمۇ ـ قارشى ئورۇنغا قويغان . چاغاتاي دېگەن نام تۈركىستاندىكى چارۋىچى خەلقنى ئاتاشقا قوللىنىلغان بولۇپ ، ئۇلار شۇ يەرلىك خاننىڭ ئاساسىي ئارمىيە كۈچىنى تەشكىل قىلاتتى.

ئوننىچى لېكسىيە (ئەسلى كىتاب 180 ـ 200 ـ بەتكىچە)

زېمىنى گەرچە كەڭرى بولسىمۇ ، لېكىن ئۈچ شاھزادىنىڭ (جوچى، چاغاتاي،ئوگدايىنى كۆرسىتىدۇ) ئوردىلىرى ئۆز ئارا يىراق ئەمەس

ئىدى . جوجىنىڭ ئوردىسى ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا بولۇپ، ئەڭ دەسلەپكى ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ئۇ شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان ئىكەن . كېيىنكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇنىڭ مازىرى كېيىن سارسۇغا ، يەنى شىبەننىڭ زېمىنغا يۆتكەپ كېلىنگەن ئىكەن (بارتولد «تۈركىستان» ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ، 392 ـ بەت). بۇ موڭغۇللارنىڭ يوسۇنىغا ، يەنى دادىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئۆز ئوردىسىنى ئوغلىغا قالدۇرۇشتەك ئادىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ . جوچى ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئوغلى ئوردا ئېرتىش دەرياسى رايونىنى باشقۇردى . چىڭگىزخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئوگدايىنىڭ («ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى، I«توم 898 ـ بەت) ئوردىسى جەنۇبقىراق جايلاشقان بولۇپ ، ئىمىل دەرياسىنىڭ بويىدا ئىدى . بۇ دەريا ئارال كۆلگە قۇيۇلاتتى . ئوگداي دەپنە قىلىنغان جاي راشىدىننىڭ دېيىشىگە ئاساسلانغاندا ئېرتىش دەرياسىدىن ئىككى كۈن يىراقلىقتىكى بىر ئېگىز تاغدا بولۇپ ، ئېرتىش دەرياسىنىڭ بىر ئېقىنى مۇشۇ تاغدىن باشلىنىدىكەن .

ئوگداي ھۆكۈمرانلىق قىلغان زېمىننىڭ دائىرىسىنى ئېنىق بېكىتكىدەك تارىخىي ماتېرىيال جۇۋەينىنىڭ ئېيتىشىچە ئوگدايىنىڭ يۇرتى ئۇنىڭ دادىسى ھايات ۋاقتىدا،«ئىمىل بىلەن كوپۇك چېگىرىسىنىڭ ئىچىدە » ئىكەن (جېنىي خاتىرلەش مەجمۇئەسى . ( 31 ، XIV دېگۈدەك ئوخشاش بىر جايدىن باشلىنىدىغان بۇ ئىككى دەريانىڭ بىرسى غەربكە ، بىرسى شەرققە ئاقاتتى . جۇۋەينى كىتابىدا چاغتاي خاننىڭ يۇرتى ھەم زېمىننى بىر قەدەر ئېنىق ئېيتقان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئوردىسى ئالماس

شەھرى ئەتراپىدىكى قۇياس رايونىدا ئىكەن . ئۇنىڭ زېمىنى «ئۇيغۇرلار چىڭگىزنىڭدىن باشلاپ سەمەرقەند ۋە بۇخاراغىچە بارىدىكەن». باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردا قۇياس ھەم چاغاتاي خانىنىڭ ئوردىسى ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى رايوندا دېيىلگەن . قۇياسنىڭ «بارىسخاننىڭ ئارقا تەرىپى»گە جايلاشقان شەھەر ئىكەنلىكىنى مەھمۇد كاشغەرىي دىۋاندا («دىۋان، I«توم ـ 330 بەت) تىلغا ئالغان ، ئۇ يەنە دىۋاننىڭ باشقا بىر يېرىدە («دىۋان، III«توم 129 ـ بەت) توخسى ھەم ياۋچىلار تۇرىدىغان رايونلار قاياس دەپ ئاتىلىدۇ ، دېگەن . ئۇ يەردە ئۈچ شەھەر سېپىلى بار بولۇپ ، ئۇلار : سابلىغ قاياس ، ئۇزۇن قاياس ، قاراقاياستىن ئىبارەت . جۇۋەينى كىتابىدا چاغاتاي ھەم ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە ۋارىسلارنىڭ ئوردىلىرىنىڭ تۈرك تىلىدا)«EV ю ulu» چوڭ ئۆي) دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان )مۇشىنىڭغا ئوخشاش دەسلەپ ئۇچرىغان ئوردىنىڭ ناملىرىنىڭ تۈركچە ئاتىلىشى قىزىقارلىق). چاغاتاي ھەم ئۇنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرى دەپىن قىلىنغان جاي ئېنىق ئەمەس.

بۇنداق بولغاندا ، چىڭگىزخاننىڭ ئۈچ ئوغلىنىڭ ئوردىلىرى ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىغىچە بولغان نىسپەتەن كىچىك دائىرە ئىچىدە بولغان بولىدۇ.

گەرچە سەمەرقەند ۋە بۇخاراغىچە بولغان ماۋەرائۇننەھر رايونى چاغاتايغا مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەرلەرگە ئوگداي تەيىنلىگەن مەھمۇد يالۋاچ ( خوجەنتتە تۇراتتى) ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى . كېيىن ھىجرىيە 636 ـ يىلى يەنى مىلادىيە 1238 ـ 1239 ـ يىلى چاغاتاي ئۆكسىنىڭ

رۇخستىنى ئالمايلا مەھمۇد يالۋاچنى قالدۇرۇپ ، باشقا تۇتۇق بېگى تەيىنلىدى . بۇنىڭ بىلەن ماۋەرئۇننەھر رايونى چاغاتاينىڭ زېمىنى بولۇپ قالدى . ئەمما راشىدىننىڭ دېيىشىچە ئوگداي يەنە مەھمۇد يالۋاچنىڭ ئوغلى مەسئۇدبەگنى قاراغۇجىدىن باشلاپ بەشبالىق) ئۇيغۇر خانلىقى ئېلى) ، ئۇدۇن ، كاشغەر، ئالمىلىق، قايالىق، سەمەرقەند ھەم بۇخارادىن ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان رايونلارنى باشقۇرۇشقا قويغان . مەھمۇد يالۋاچنى بولسا ، پايتەختنىڭ تۇتۇق بەگلىكىگە تەيىنلىگەن . ئۇ 1254 ـ يىلىغىچە شۇ ۋەزىپىسىدە تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن.

مەسئۇدبەگ كاشغەردە ئۆز نامىدىكى ئىسلام ئالى مەدرىسىسى بولغان ئىككىنچى مەسئۇدىيەنى قۇرغان بولۇپ ، ئۇنىڭ يەنە بىرى بۇخارا ئىدى . 14 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى كاشغەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان . دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى ، بۇ خارەزىملىك مۇسۇلمان سودىگەر ئۆز بېشىدىن سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قالغان ھەم ئۇنى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرغان . ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭ رايونىنى بايان قىلغاندا ، ماركوپولو خوتەن ھەم ئۇنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى قۇبلاينىڭ زېمىنى دېگەن ، (يۇئىر »:ماركوپولونىڭ ساياھەت خاتىرىسى »لوندۇن . (196. I ،بىراق ئۇنىڭدا كاشغەرنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار «تۈرك ئېلىگە» قاراشلىق دېيىلگەن . يەركەند توغرۇلۇق ئۇ ئېنىق قىلىپ ئۇنى خاننىڭ جىيەنىگە تەئەللۇق زېمىنى دېگەن ( بۇ يەردە ماركوپولو خاتالىشىپ قايدۇنى خاننىڭ جىيەنى دەپ قارىغان ) . قىزىقارلىقى: راشىددىن ئۇيغۇرلار ئېلىنى قۇبلاي بىلەن قايدۇ ئۆز ئارا ئۇرۇشقاندا

ئوتتۇردا تۇرۇپ ، ئىككىلا تەرەپ بىلەن مۇناسىۋەتنى ساقلىغان دەپ
بايان قىلىدۇ (راشىددىن «جامىئۇتتەۋارىخ»، بولۇشىنىڭ نەشر
نۇسخىسى، 502 ـ بەت) . ئېنىقكى ئۇ جاي يەنىلا ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ
ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى . بارچۇق 1209 ـ يىلى چىڭگىزخانغا ئەل
بولغان بولۇپ ، 1218 ـ يىلى كۈچلۈككە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان .
كېيىن يەنە خارەزم شاھ ئۇستىگە يۈرۈش قىلىشقا قاتناشقان . ئاخىردا
يەنە غەربىي تاڭغۇت خانلىقىنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتناشقان .
بارچۇق ئوگداي تەختكە ئولتۇرغان چاغدا ئۆلۈپ كەتكەن . ئۈچ ئوغلى
ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان . چوڭ ئوغلى
ئوگداينىڭ ئايالى تۇراكىنا(1241 ـ 1246 ) ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە
ئۆلۈپ كەتكەن . ئىككىنچى ئوغلى مۆڭكى ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە بىر
جۈمە كۈنى بەشبالىقتىكى ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغانلارنى مەسچىتتە
ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ( تەپسىلاتىنى
جۇۋەينىنىڭ كىتابىدىن كۆرۈڭ . (XIV، 341)،ئۈچىنچى ئوغلى كېيىن
ئاكىسىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان . ئىدىقۇت خانلىقىغا ئالاقىدار باشقا
تارىخىي ماتېرىياللار يوق.خان بىر تەرەپتىن قايدۇنىڭ زېمىنى ئارقىلىق
ئۆزىگە تەئەللۇق زېمىننى كېڭەيتسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى موغۇل خانلىقى قايدۇ ھايات ۋاقتىدا ھۇلاكۇ ھەم
جوجىنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ زېمىنى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جەنۇب ھەم غەربتىكى
زېمىننى كېڭەيتكەن ئىدى . جۇقى ئۇلۇسى تەدرىجى ھالدا شەرقتىكى
زېمىننى ، يەنە سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىنىڭ شەرقىدىكى زېمىننى
قولدىن چىقىرىپ قويىدى (13 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئوردا

ۋارىسلىرىنىڭ قەيەردە تۇرغانلىقىغا ئالاقىدار تەپسىلىي تارىخىي ماتېرىيال يوق ، (راشىددىننىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا ، ئوردا ۋارىسى قونچى غەرب ھەم غەربىي شىمالغا يېقىن جايغا ئولتۇراقلاشقان . ماركوپولو قونچىنىڭ زېمىنىنى شىمالغا يېقىن ، ئۇ جايدىكى كىشلەر «ياۋا ھايۋان»لاردەك ياشايدۇ ، دەپ بايان قىلىدۇ . قونچى قايدۇ ھايات ۋاقتىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى بايان ئولتۇرغان.

ـ 14ئەسىرنىڭ بېشىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر قىسىم موڭغۇللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى خانلىقلىرى بار ئىدى (بۇ بىر نۇقتا ئالتۇن ئوردا خانلىقى بىلەن زىت). بۇ بىر نۇقتا جەمال قارشىنىڭ ( 14 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا يېزىلغان )ئەسىرى بىلەن پۇتۇنلەي ئەرەبچە يېزىلغان مازار يادنامىلىرىدە ئۇچرايدۇ . ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى ئەرەبچە (Malikشاھ) نامىنى قوللانغان (موڭغۇللاردىن بۇرۇنقى دەۋردىكى پارس ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرىغا ئوخشاش)، بەزىدە سۇلتان ھەم خان دېگەن ناملارنى قوشۇپ ئىشلەتكەن . جامال قارشى پەرغانىنىڭ ھۆكۈمرانى ئىلچى مەلىك شاھنى تىلغا ئالىدۇ . ئۆزكەنتتە ئۇنىڭ ئوغلى ھەم ۋارىسى سەتىلمىش مەلىك شاھنىڭ مازىرى بار . ئۇ ھىجرىيە665ـ يىلى مىلادى 1226ـ 1227 ـيىلى ئۆلۈپ كەتكەن (مازار يادنامىسىدە ، Puotok,Turk kruzkaljubدېگەن خەتلەر بار . ( III ،arch. ئىسمى ھەم ئاتىلىشىدىن قارىغاندا ، بۇ ھۆكۈمرانلار تۈركلەردىن كېلىپ چىققان . بىر قىسىم ئىسىم ۋە ناملار تولىمۇ قەدىمى بولۇپ ئەۋلىيا ئاتا مازىرىغا 1262ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن IKbal ю uly Bulge ю Bali

ئىسىملىك بىر يەرلىك خان دەپىن قىلىنغان») مەجمۇئە «han

مازار يادنامىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەرەبچە يېزىلغان . جامال XII، P، 5).

قارشى ئەسىردە ئۆزى جەندە ئەرەبچە ئىشلىگەن بىر مازار يادنامىسىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ (تۈرك ئەۋلىيالىرىدىن كامالىدىن خارەزمى سۇغناقىنىڭ يادنامىسىنى ئىشلىگەن . ئۇ ئادەم 1273 ـ يىلى ئۆلۈپ كەتكەن) . جامال قارشى يەنە خوجەندتىن ئانچە يىراق بولمىغان ، سىر دەرياسى بويىغا جايلاشقان بۇ مازاردىكى پارسىچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەرەبچە شېئىرنى نەقىل كەلتۈرىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە خوتەن سۇلتانى مۇنىش تېگىن(ۋاقتى ئېنىق ئەمەس) گە بېغىشلانغان پارسىچە :«سىزنىڭ ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرۈشىڭىزنى تىلەيمىز. ئاھ ، شاھ تۈركلەر ھەممىسى مۇنىش ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرگۈسى دەپ تىلىشىدۇ »دېگەن مەنىدىكى بىر شېئىرنى نەقىل كەلتۈرىدۇ . ئەڭ ئاخىرىدا بىر جۈملە تۈركچە (Turki yarlak kari bolmix munmix Tegin gandan bizi ey xah guyad ) ، « تۈركىستان» رۇسچە نەشرى ـ 151 ، I ، بەت)

ـ 13ئەسىردىكى يەرلىك خانلىقلارنىڭ مەۋجۇتلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە بولىدىغان يەنە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تېپىلغان تەڭگىلەر بار . بۇ تەڭگىلەر دېگۈدەك يەرلىك خانلارنىڭ نامىغا قۇيۇلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ نامى ئاتالمىغان . قايدۇ ، دۇۋا نامىغا ئاتاپ قۇيۇلغان تەڭگىلەر يوق . ئەمما ئالتۇن ئوردا خانلىقىنىڭ مەڭگۈ تۆمۈر خان دەۋرىدە ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ تەڭگە قۇيۇلغان . ھازىرغىچە خان بىۋاستە ھۆكۈمرەنلىق قىلغان يەرلەر بىلەن يەرلىك خانلار

باشقۇرغان يەرلەرنىڭ چېگرا دائىرىسىگە ئالاقىدار تارىخىي ماتېرىياللار يوق دېيەرلىك.
چاغاتاينىڭ ئوردىسى ئالمالىق شەھرىگە يېقىن ئەتراپتا بولۇپ ، ئۇ يەرلەرگە چىڭگىزخانغا ئۆزلىكىدىن ئەل بولغان يەرلىك خانلار ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى - 1253 . يىلى رۇبرۇك قايىالىقنى زىيارەت قىلغان ھەم ئۇ يەردە 12 كۈن تۇرغان . ئۇ «بۇ بىر چوڭ شەھەر بولۇپ ، بازارلىرى ناھايىتى قىزىيدىكەن» دېگەن . قىزىقارلىقى بۇ مۇسۇلمانلار شەھرىدە ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ ئۈچ مەسچىت بار ئىكەن . بۇ شەھەرنىڭ خارابىلىقىنى بايقىغىلى بولغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى . ئەپسۇسلىنارلىقى ئۇنىڭ ئورنىنىمۇ ئېنىق بېكىتكىلى بولمايدۇ . رۇبرۇك قايىالىقنىڭ شىمالىدا بىر ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىغا كەلگەن بولۇپ ، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى خرىستىيان مۇرىدلىرى ئىكەن ھەم چىركاۋلىرىمۇ بار ئىكەن. بىراق ھازىرغىچە يەتتىسۇنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا نىستورىيان دىنى يادىكارلىقلىرى بايقالمىدى.
ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالى ،قايىالىقنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا رۇبرۇك يەنە چىرايلىق بىر مۇسۇلمانلار شەھرىنى ئۇچراتقان ، بىراق بۇ شەھەرنىڭ ئاھالىسى تۈركچە سۆزلەشمەستىن ، پارسچە سۆزلەيدىكەن )روكىينىڭ تەرجىمىسى 139 - بەت) . ئۇلار يېقىندىلا ماۋەرائۇننەھر رايونىنىڭ جەنۇبىدىن كۆچۈپ كەلگەن خەلق بولۇشى مۇمكىن . ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، ئەينى چاغدا ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تۈزلەڭلىككە جايلاشقان شەھەرلەر خارابىلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن . ئىلگىرى بۇ رايوندا شەھەرلەر بار ئىدى، بىراق يايلاق قىلىش ئۈچۈن

تاتارلار بۇ جاينى بۇزۇۋەتكەن . روبروك يەنە بۇ جايلارنىڭ كۆپ قىسمىنى تۈركمەنلەرنىڭ (روبروك بۇ ئىسىم ئارقىلىق ئادەتتىكى تۈركلەرنى كۆرسەتمەكچى بولسا كېرەك ) ئىگىلىۋالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ . روبروكنىڭ بۇ رايوننىڭ مەدەنىيىتىنىڭ خارابىلىشىپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى سۆزلىرىنى خەنزۇلاردىن چاڭدې ئىسپاتلايدۇ (چاڭدې روبروك بىلەن دەۋرداش بولۇپ ، ئۇ 1259 - يىلى موڭغۇل خانى مونكى ئۇنى ئىنىسى ھۇلاگۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتكەندە مۇشۇ رايوندىن ئۆتكەن . ئۇ «غەربكە ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى »نى يېزىپ قالدۇرغان ، ئۇنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى بىرېتچىنەيدىنىڭ »ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى » دېگەن كىتابىدىن كۆرۈڭ). چاڭدې ئىلگىرى غەربىي لياۋ رايونىدا ئادەم كۆپ ئىدى ھەم سۇغۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىمۇ بار ئىدى . شۇنداقلا يەنە نۇرغۇن قەدىمى خارابىلەرمۇ بار ئىدى ، دەپ بايان قىلىدۇ.

جامال قارشىنىڭ «ئىزاھات»بىدا ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى شەھەرلەرگە ئالاقىدار نۇرغۇن قىزىقارلىق ماتېرىياللار بار . 16 - ئەسىردە ياشىغان ئەدىب مۇھەممەت ھەيدەر جامال قارشىنى بالاساغۇندا تۇغۇلغان بولغاچقا ھەر بىر شەھەردىكى مەشھۇر كىشىلەرنى تىلغا ئالغاندا ، سەمەرقەنتتىن ئاران 10 دەك ئادەمنى تىلغا ئالغان ، بالاساغۇندىن بولسا بىرلا ۋاقىتتا بىر شەھەردە ياشىغان نۇرغۇن كىشىلەرنى تىلغا ئېلىش ئەقىلگە سىغمايدۇ ، ئۇ بالاساغۇنغا يانباسقان ، دەپ ئەيىپلەيدۇ .(روسنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى«تارىخىي رەشىدى» ، 364 - بەت)«ئىزاھات»نىڭ بىردىن بىر يازما نۇسخىسى

بايقىلىشتىن ئىلگىرى كىشلەر بالاساغۇن شەھرىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇش تارىخى ، ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى بايقاشنى ئارزۇ قىلىشاتتى. بۇ يازما بايقالغاندىن كېيىن ئەھۋال ئارزۇ قىلغاندەك بولمىدى ، ئۇنىڭدا بالاساغۇن شەھرى تىلغا ئېلىنمىغان ئىدى . بۇ شەھەردە تۇغۇلغان مەشھۇر يەرلىك كىشلەرنى تىلغا ئالغاندا يازغۇچى پەقەت ئۇستازى شەمسىددىن ئەيىۋپ بالاساغۇنى ھەم ئۇنىڭ ئوغلى رۇكنىددىن ئەخمەت بالاساغۇنى ئۇستىدىلا توختىلىدۇ («تۇركىستان» رۇسچە نەشرى ـ 141،I،بەت)، يەنە قۇزبالىقنى تىلغا ئېلىپ 1259 ـ يىلى ئۇ يەرگە بىر ئالمالىق خانى دەپن قىلىنغان ، دەيدۇ . بۇ جايدىكى بالاساغۇن بەلكىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىتابىدىكى(«دىۋان I «توم ،60 ـ ھەم 112 ـ بەت) قۇز ئوردۇ ( بۇ ئىسىم يەنە 13 ـ ئەسىردىكى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردىمۇ ئۇچرايدۇ) بولىشى مۇمكىن ، بىراق ئەجەپلىنەرلىكى جامال قارشى بۇ شەھەرنىڭ ئۆز ئىسمى بىلەن بولغان بالاساغۇننى) بۇ بىر نوقتىنى ئۇنىڭ ئۇستازىنىڭ ئىسمىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ ) ئىشلەتمىگەن ، ئۇنىڭدىن باشقا جامال قارشى كىتابىدا ، باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇچرىمايدىغان il alargu دېگەن جاينىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالىدۇ . بۇ چاغاتاي خانىنىڭ ئوردىسى جايلاشقان يەر بولۇپ ، چاغاتاي خانىنىڭ ۋەزىرى ، سودىگەر ، قۇتبىدىن مەپەش ئەخمەت مۇشۇ يەرلىك ئادەم ، بۇنى ئۇنىڭ تۇغۇلغان جاينى بىلدۈرىدىغان ئىسمى l alargawi دىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ («تۇركىستان» رۇسچە نۇسخىسى ـ 140، I،بەت) . بۇ ئادەم 1260 ـ يىلى ئارغۇ تەختىنىكى ۋاقتىتا ئالمالىق رايونىدىكى بىر شەھەردە ئۆلۈپ

كەتكەن ھەم ئۆزى سالغان مەسچىتكە دەپن قىلىنغان.

جامال قارشى بىر قىسىم شەھەرلەر) ئالمالىق، كاشغەر، خوتەن، خوجەند ھەم پەرغانە رايونىغا تەۋە شاش ،بارچكەند)ئۈستىدە قىسقىچە خاتىرە قالدۇرغان . ھەر بىر شەھەردىكى مەشھۇر ئۆلىما ھەم شەخسلەرنى تونۇشتۇرغان، جامال قارشى ئالملىقتا تۇغۇلۇپ (ئۇنىڭ دادىسى بالاساغۇنلۇق ( كېيىن كاشغەرگە كۆچۈپ كەلگەن ھەم ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا بىر قىسىم شەھەرلەرگە بارغان . ئۇ كاشغەر (ئەينى ۋاقىتتا بىر سايلىقتا ئىدى)ھەم خوجەندنىڭ (بۇرۇندىنلا ناھايىتى چوڭ شەھەر ئىدى) ۋەيران بولغانلىقىنى ، ئەمما سودىنىڭ يەنىلا ناھايىتى جانلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان . ئۇ كاشغەر ئۈستىدە توختالغاندا ، بۇ شەھەرنىڭ جۇتالىقلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتىدۇ . بۇ ئىسمنى بىز بۇ يەردە تۇنجى ئۇچراتتۇق . بۇ سۆز كېيىن شىنجاڭدا غەربىي تۈركىستاندىكى قازاقلارنى ئىپادىلەشكە قوللىنىلغان بولۇپ ، ئۇ ئۆز خانلىرى ھەم قەبىلىلىرىدىن ئايرىلىپ چىققان بۇلاڭچىلىق بىلەن شوغۇللانغان چارۋىچى خەلقلەرنى كۆرسەتكەن . جۇتالىقلار قىش پەسلىدە بېسىپ كىرگەن بولۇپ ، قايسى يىل ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنمىغان . يەنە كاشغەر رايونىدا يەر تېرىشقا ھايۋان بىلەن يەر ئاغدۇرمايدىغانلىقى ، ئەمما باغۋەنچىلىك سايمانلىرى ئىشلىتىدىغانلىقىنى بايان قىلغان (ئەسلى ئەسەردە ، kulaudمەنىسى «پالتا » ،«تۈركىستان» رۇسچە نەشرى، ،144 ـ بەت) . ھازىر كاشغەردە ئېنىقكى تېرىقچىلىق ھايۋانلىرى كەم ئەمەس .

ـ 13ئەسىردە ، گەرچە ئاستا بولسىمۇ تۈركىستان رايونىنىڭ

ئىسلاملىششى ھەم تۈركلىششى ئوخشۇشلۇق كېتىۋاتاتتى ، چىڭگىزخان دەۋرىدە ئەھۋال كۆچلۈك دەۋرىدىكىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ ، موغۇللار بېسىۋالغان دەۋرىدە ھايات قالغان قاراكىدانىلار مۇسۇلمانچە كىيىملەرنى كىيىپ يۈرشەتتى(بولتىشنىكى ـ 29، I،بەت . (ئىلگىرى غەربىي لياۋ تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى ، موڭغۇللارغا قارشى چىققان خارەزىم دائىرىسى ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىدىن ياخشىراق ئىدى.

كۆچلۈك ۋاقتىدىكى مۇسۇلمانلارغا بولغان زىيانكەشلىك موڭغۇللار دەۋرىدە قايتا تەكرارلانمىدى . چاغاتاي موڭغۇللارنىڭ يۇسۇننى قىزغىن قوغدىغۇچىلاردىن بولغاچقا ، بەزىدە مۇسۇلمانلار ئىسلام ئادەتلىرىدە چىڭ تۇرغاچقا ئۇلارنى جازالىغان . چاغاتاي ئۆلگەندە ، جۇۋەينى بىر پارىس شائىرىنىڭ شېئىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۇنى مەسخىرە قىلغان . شېئىرنىڭ ئاخىرقى مىسرالىرىدا :«بۇ باشقىلار ئالدىدا سۇغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان ئادەم ئىدى. ھازىر ئۆزى دېڭىزغا غەرق بولدى » دېيىلگەن (بۇ شېئىرنىڭ يازغۇچىسى سادىر ئەۋەز ئىدى. بىراق چاغاتاي دەۋرىدە مەجدىدىن ئىسىملىك مۇسۇلمان تېۋىپ ئۆتكەن) ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ سودىگەر قۇتبىدىن ھەبەش ئەمدىنىڭمۇ تەسىرى چوڭ ئىدى . ئۇنىڭ تەسىرى شۇنداق چوڭ ئىدىكى ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرىنى چاغاتاينىڭ ئوغۇللىرىغا ھەمراھ قىلىپ قويغان . كىشلەر ئۇنى مەشھۇر ئۆلىما يۇسۇپ سەككاكىنى(خارەزىملىق) قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن دېيىشىدۇ .سەككاكىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىسلام دۇنياسىدا قامۇس دەپ نام ئالغان كىتابى «مىفتاھۇل

ئۇلۇم»(ئىلىملەرنىڭ ئاچقۇچى)دىن باشقا ، ئوقۇغۇچىسى مۇھەممەد ساچاقلى زادىگە (غەربىي تۈركلەردىن (يازغان خېتى بار(بروككلمان: «ئەرەب ئەدەبىيات تارىخى. (296، I، «

بۇ ۋاقىتتىكى تۈركىستان مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ ئىلمىي پائالىيىتى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز كۆپ ئەمەس . مۇبارەكشاھ بىلەن بۇراق (ئۇلار چاغاتاي خان جەمەتىدە تۇنجى بولۇپ ئىسلامغا كىرگەنلەر) نىڭ دىنىي ئۇستازلىرىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيمىز . جامال قارشى مۇبارەكشاھنىڭ ئانىسى ئېرگەن خاتۇنىمۇ مۇسۇلمان ئىدى ، دەيدۇ . قايدۇ مۇسۇلمان ئەمەس ئىدى ، ئۇ موڭغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە چۇ دەرياسى بىلەن ئىلى دەرياسى ئارلىقىدىكى تاقىقا دەپن قىلىنغان.

ئەينى چاغدىكى تۈرك تىلىنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈشكە بولىدىغان تارىخىي ماتېرىيال راشىددىننىڭ كىتابىدا چىڭگىزخاننىڭ نەسەبى ئۈستىدە توختالغاندا موڭغۇلچە ، تۈركچە يىكى نويان، ئۇلۇغ نويان تەڭ قوللىنىلغان . ئەينى چاغدا مۇسۇلمانلار تۈرك تىلىنى ئىمپېرىيىنىڭ ھۆكۈمەت تىلى قىلىشنى ئويلىمىغان . 1246 ـ يىلى پورانو كارپىنى موڭغۇلىيەدىن ئايرىلىپ ، ياۋرۇپاغا قايتقىنىدا ، كىشلەر ئۇ ئارقىلىق« ساراسىن تىلى» دا يېزىلغان بىر خەتنى پاپىغا ئەۋەتكەن . پروفېسور پىللىئوت بۇ خەتنىڭ ۋاقتى 1246 ـ يىلى 11 ـ ئاي ، ئۇ پارس تىلىدا يېزىلغان ، خەتنى يازغۇچىنىڭ تىلى پارس تىلى ئەمەس دەيدۇ . خەتنىڭ بېشى تۈرك تىلىدا باشلانغان ، خاننىڭ نامى يېزىلمىغان پەقەت«ئۇلۇغ ئۇلۇس ھەم پۈتۈن دۇنيا خاننىڭ پەرمانى (taluinung » ulusnung) ulю unz yarliю dhanپەدە باشلانغان . خەتتە تۈركچە

سۆزلەرمۇ ئۇچرايدۇ . خەتنى يازغۇچى ئوتتۇرا ئاسيالىق تۈرك سودىگىرى بولۇپ ، ئۇ خەتنى ئەينى چاغدا ئورتاق قوللانغان كىتابى تىلدا يازغان (پېللىئوت« موڭغۇللار ھەم پاپا» ،3 ـ 30 ـ بەت. )

ئون بىرىنچى لېكسىيە (ئەسلى كىتاب 201 ـ 222 ـ بەتكىچە(

ـ 14ئەسىرنىڭ بېشىدا ئوگداي بىلەن چاغاتاي نەسەبىدىكىلەرنىڭ ئىچكى مالىمانچىلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى قالايمىقانلاشتۇرۋەتتى . ماۋەرئۇننەھر بىلەن تۈركىستان ئۇزۇن يىللىق شەھەر تۇرمۇشى ھەم يېزا ئەملىك ئەنئەنىسگە ئىگە بولغاچقا ، ئۇرۇشتىن كېيىن ناھايىتى تېز ئەسلىگە كېلىۋالدى . ئىراق شىمالدىكى رايونلارنىڭ ئەھۋالى بۇنىڭغا ئوخشمايتتى . ئەرەب تارىخچىسى ئەل ئۆمەرى (1301 ـ 1348) تۈركىستانغا بارغان ئىرسىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ : « تۈركىستاندا نۇرغۇن خارابىلىقلار بار ئىكەن، يىراقتىن قارىماققا ئەتراپى يېشىللىق كەنتلەر كۆرۈندىكەن ، ئىراق يېقىنلاشقاندا بولسا ، پەقەت تاشلاندۇق خارابىلىقلارغا ئۇچرايدىكەن ، بۇ يەردىكى ئاھالىلەر چارۋىچىلىق قىلىدىكەن ، دېھقانچىلىق بىلەن شوغۇللانمايدىكەن» (فرانسىيىدە ساقلانغان شەرق ھۆججەتلىرىدىن تاللانما ، XVI « بىرىنچى قىسىم ، 257 ـ بەت .)

ئىسەن بۇقىنىڭ كېيىنكى ۋارىسى كېبىك(1318 ـ 1326 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان بولۇپ ، ئۇنىڭ تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى موڭغۇل خانلىرىنىڭ تەدرىجى ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە . ئەجدادلىرىغا ئوخشاش ، كېبىكمۇ يات دىنىدا ئىدى . ئۇ ماۋەرائۇننەھرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ھەم نەخشەپ

( كاشغەر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى) ئەتراپىدا بىر ساراي سالدۇرغان . موڭغۇللار قارشى (karxi) سۆزى بىلەن سارايىنى ئىپادىلەيتتى . بۇ سۆز «قۇتادغۇبىلىك» ھەم «تۈركى تىللار دىۋانى « »)دىۋان (376، 215، 354، I»دا ئۇچرايدۇ. بۇ تۈركچە سۆزنى ئېنىقكى تۈركلەر شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ تىلىدىن قوبۇل قىلغان .

كېبېكنىڭ يەنە بىر ئىجادىيىتى خاننىڭ نامى بىلەن پارس تەڭگىلىرىگە ئوخشاش چوڭ ـ كىچىك دىنار ھەم دەرھەم قۇيۇپ تارقىتىش بولدى . بىر دىنار ئالتە دەرھەمگە توغرا كېلەتتى . بۇرۇنقىغا ئوخشاش ، بۇ تەڭگىلەر بۇخارا ، سەمەرقەند ، ئوترار ، تىرمىز قاتارلىق ماۋەرائۇننەھردىكى چوڭ شەھەرلەردە قۇيۇپ تارقىتىلدى . كېيىن بۇ خىل تەڭگە كېبكى دەپ ئاتالدى . ئۇنىڭدىن باشقا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا تۈركچە يېزىلغان نامسىز تەڭگىلەر بايقالدى . بۇ تەڭگىلەرگە ئالتۇن ئوردۇ خانلىقىدىكىگە ئوخشاش «قۇتلۇغ بولسۇن» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان ئىدى . بىراق چاغاتاي خانلىقىنىڭ تەڭگىلىرىگە موڭغۇلچە سۆزلەر يېزىلغان ئىدى . كىشىنى ئەجەپلەندۈرىدىغىنى ، شۇنىڭدىن سەللا كېيىن تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى تەڭگىلەرگە ئەرەب يېزىقىدا موڭغۇلچە) ugemannسۆزۈم) دەپ يېزىلغان ئىدى ، بۇ تۈرك تىلىدىكى sөzumگە تەڭداش كېلىدۇ. («ماقالىلەر توپلىمى.( 366 ، VII»

كېبكنىڭ ۋارىسى ، ئۇنىڭ ئۇكىسى تارماشىرىن (1326 ـ 1334) ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئەڭ ئۇچرىغان . ئۇ ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان ، بىراق تارماشىرىن بىر قىش كۈنىسى ئۆزىنىڭ كىگىز ئۆيىدە

ئەرەب سایاھەتچىسى ئىبن بەتۇتەنى قوبۇل قىلغان.

ئەينى چاغدىكى چاغاتاي خان نەسەبىدىكىلەرنىڭ موڭغۇلچىنى يەنىلا بىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگىدەك تارىخىي ماتېرىيال يوق . ئىبن بەتۇتە تارماشىرىن تۈركچە سۆزلىگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ . ئىبن بەتۇتە بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنى تۈرك تىلى بىلەن ئالقىشلىغان ، خاننىڭ دىنى ئۇستازى ئىمام ھۇسەممەددىن ياغى پارس تىلىدا سۆزلىگەن . خان ھەر كۈنى بامداتتىن كېيىن كۈن چىققۇچە تۈرك تىلىدا «زىكرى»ئوقۇغان . ئىبن بەتۇتە كىتابىدا نەقىل كەلتۈرگەن بىر قىسىم تۈركچە سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدىن موڭغۇلچىگە قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر ئىدى. يەنى موڭغۇل خانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى **al tam** ю **a** ئىشلىتەتتى، بۇ پارس تىلىدا قىسقارتىلىپ **al tam** ю **aqi** ياكى **nixanqi** ۋە ياكى **muhurdar** دەپ يېزىلاتتى . «تامغۇچى»پۇتكۇل خەت ـ ئالاقە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ، ئەرەب تىلىنى بىلەتتى ، ئۇ ئىبن بەتۇتەگە تەرجىمانلىق قىلىپ بەرگەن .

بۇنىڭ بىلەن تۈركىستان يەنە ئىچكى قالايمىقانچىلىققا پېتىپ قالدى . بۇ تاكى 1346 ـ ، 1347 ـ يىللارغىچە داۋاملاشتى . نەتىجىدە بۇ خاننىڭ ماۋەرائۇننەھر رايونىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، ماۋەرائۇننەھر رايونى بىلەن شەرقىي رايونلارنىڭ پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

تارماشىرىن ئۆلگەندىن كېيىن خان تۇرۇشلۇق ئورنىنى شەرقى رايونغا كۆچۈردى . ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرى بىر مەزگىل ئاجىزلىدى . جىنكىش تەختكە ئولتۇرغان (تاكى 1338 ـ يىلغىچە ، ئۇنىڭ تەگىلىرىمۇ

ماۋرائۇننەھر رايوندا قويۇلغان ) ۋاقتىدا ، كاتولىك دىنى مىسسىئونېرلىرى ئالمالىقتا بىر ھەيۋەتلىك چېركاۋ سالدى . بىر نامى ئېنىق بولمىغان مۇسۇلمانىنىڭ بايان قىلىشىغا ئاساسلانغاندا ، ئۇ دائىم باخشىلار (بۇددا دىنى راھىبى)بىلەن سودا ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىدىكەن . بىراق ئىسلام دىنىغا قارشى روھ داۋاملىشالمىغان ئىكەن ـ 1340 . يىلىنىڭ بېشىدا تۈركتىن بىر شەيخ كېلىپ (چىڭگىزخانىنىڭ نەۋرىسى (ماۋرائۇننەھر رايوندا تەختكە ئولتۇردى. بۇ بىر شەيخ (كېيىن سۇلتان بولغان (ئۆزۈنغىچە بۇخارالىق ئەۋلىيا باھاۋىددىن نەقشبەندىنى (1318 ـ 1319) ئۆزىگە ئۇستاز تۇتقان ئىكەن .

قەدىمكى پۇل تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا ، ئىلگىرى سۇلتان خەلىل ئالاخ دەيدىغان بىرسى تەختتە ئولتۇرغان بولۇپ ، ئۇ ھجىرىيە 742 ـ 743 ـ (مىلادىيە 1344 ـ 1342) يىللىرى بۇخارادا ئۆز نامىدا تەڭگە قويدۇرغان . تارىخچىلارغا پەقەت ياساۋۇرنىڭ ئوغلى قازانخان (ئۇنىڭ نامىدىكى تەڭگىلەر بايقالغان) مەلۇم . قازانخان بىلەن خەلىل ئالاخنىڭ بىر ئادەملىكى ياكى ئەمەسلىكىنى ھازىر بېكىتكىلى بولمايدۇ.

قازانخان ئۆلگەندىن كېيىن ، ماۋرائۇننەھرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى تۈرك ئەمىرلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى . ئىلگىرىكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ شەرقىدىكى رايونلار بۇ ۋاقىتتا سىياسىي جەھەتتىن ماۋرائۇننەھر رايونى بىلەن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ بولغان ئىدى . ئۇ جايلارنىڭ ئۆز خانلىرى ، ئەسلى ھوقۇقتا ئىگە ئەمىرلىرى بار ئىدى .

كېيىنكىلەر دائىم بىرەر خاننى خانلىق ئورنىغا يۆلەپ چىقىراتتى .
شۇنىڭدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيە تارىخى ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەمىرلىرىنىڭ
ئەمەلىي ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى . ئۇلارنىڭ ئىچىدىن
تۆمۈرگە ئوخشاش داڭلىق شەخسلەر چىقتى . ئۇ چوڭ بىر ئىمپېرىيە
قۇردى، كېيىنكىلەر ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ۋارىسلىق قىلدى (گەرچە
ئۇلارنىڭ زېمىنى كىچىكلەپ كەتكەن بولسىمۇ )، ئەمما ئۇلار تەدرىجى
ھالدا قورچاق خاننى تىكلەپ قويۇپ ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشتەك
ئۇسۇلدىن ۋاز كەچتى . شەرقتەرەپتە بولسا ، خانلار تەدرىجى ھالدا
ئەمىرلەرنىڭ بارلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالدى . بۇنداق قىلغان بىرىنچى
خان تۇغلۇق تۆمۈر بولۇپ ، ئۇ ھىجرىيە 730 - يىلى (مىلادىيە 1329
- 1330 - يىللىرى)تۇغۇلۇپ ، 18 يېشىدا خانلىق ئورنىغا ئولتۇردى
(ھىجرىيە 748 - يىلى ، مىلادىيە1347 - 1348 - يىلى.)
چاغاتاي خانىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تولۇق پارچىلانغان ۋاقتىنى ئېنىق
بېكىتكىلى بولمايدۇ.
ئالمالىقنىڭ قاچاندىن باشلاپ ماۋەرائۇننەھر بىلەن سىياسىي جەھەتتىن
پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە تەپسىلىي تارىخىي ماتېرىيال
يوق .1341 - يىلدىكى دىن تارقاتقۇچى مارىگنوللى ئالمالىقتىن
ئۆتكەندە ، گەرچە ئىلگىركى بىر دىن تارقاتقۇچى زىيانكەشلىككە
ئۇچرىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۆزىنىڭ چېركاۋ قۇرۇپ ئەركىن دىن
تارقاتقۇچىلىقىنى بايان قىلىدۇ) يۇئېر : «قەدىمكى جوڭگودا ئاڭلىغان -
كۆرگەنلىرىم »ئۈچىنچى توم ، 180 - بەت . (ئەمما ئۇ ئالمالىقا
ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان خاننىڭ نامىنى تىلغا ئالمىغان . ئەلى

سۇلتاندىن كېيىن ( ئۇ خرىستىئان دىنىغا زىيانكەشلىك قىلغۇچى ، ئۇگداينىڭ كېيىنكى نەسەبىدىن . مۇسۇلمان تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ئۇ بىر زالىم ھۆكۈمران دېيىلگەن ). مۇھەممەد پۇلاد ھۆكۈمرانلىق قىلغان . ھازىر 1345 ـ يىلى (ھىجرىيە 746 ـ يىلى 8 ـ ئاي)ئالمالىقتا قويۇلغان ، مۇھەممەدنىڭ ئىسمى چوشۇرۇلگەن تەڭگە بار . بۇ ھازىرغىچە بايقالغان ئالمالىقتا قويۇلغان ئەڭ ئاخىرقى تەڭگە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ خانلارنىڭ ئىسمىنى كېيىن موغۇللار ئۇنتۇپ كەتكەن . 16 ـ ئەسىردىكى مۇھەممەد ھەيدەر موغۇللارنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسەن تۇغلۇق تۆمۈرنى ئىسەن بۇقىنىڭ ئوغلى دېگەن ، ئەمما ئىسەن بۇقىنىڭ ھەر قانچە بولسىمۇ 1318 ـ يىلدىن كېيىن ياشىشى مۇمكىن ئەمەس .
بىر قەدەر بۇرۇنقى تارىخىي ماتېرىياللاردا تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ ئاتىسى ئەمىر خوجىنىڭ باشقا بىر ئوغلى دۇۋا دېيىلىدۇ . بۇ زىددىيەتنى يوقتىش ئۈچۈن ئەبۇلغازى ئەمىر خوجىنىڭ يەنە بىر ئىسمى ئىسەن بۇقا ئىدى دەيدۇ . مەيلى بۇرۇنقى تارىخىي ماتېرىياللار بولسۇن ياكى كېيىنكى دەۋردىكى تارىخىي ماتېرىياللار بولسۇن تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ خان نەسەبىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ . ئۇنىڭ ئانىسى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ياكى باشقىچە ئېيتىشلارغا ئاساسلانغاندا ئېرى ھايات ۋاقتىدىلا بىر ئەمىر بىلەن توي قىلغان . تۇغلۇق تۆمۈر مۇشۇ ئەمىرنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولغان ھەم ئۇنىڭ ئوغلى بولغان . تۇغلۇق تۆمۈرنى خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققان دېيىلسە ، ئۇ دۇغلات جەمەتىگە مەنسۇپ بولىدۇ . چۈنكى شەرقتىكى چاغاتاي خانلىقىنىڭ

ھەقىقىي خان ئەۋلادى يوق ، شۇڭا ئۇ دۇغلات جەمەتى تەرىپىدىن خان قىلىپ تىكلەنگەن.

پارىس تىلىدا يېزىلغان تارىخىي ئەسەر (زەپەرنامە) دىن باشقا ، تۆمۈر ئۇيغۇر پۈتۈكچى باخشىغا بۇيرۇپ ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا بىر يىلنامە تۈزدۈرگەن . بۇنى 16 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان بىر ئۆزبېك يازغۇچى تىلغا ئالغان . ئېنىقكى ئۇنىڭ قولىدا بۇ كىتابنىڭ بىر نۇسخىسى بار . باخشى (سانسكرىتچىدىن كەلگەن ) دېگەن بۇ سۆز بۇ يەردە بۇددا دىنى راھىپىنى كۆرسەتمەستىن ، بەلكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا خەت ـ ئالاقىلەرنى يازىدىغان پۈتۈكچى ئەمەلدارنى كۆرسىتىدۇ . بۇ خىل ئەمەل چاغاتاي خان دەۋرىدە بولۇپلا قالماستىن ، تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرى (15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىگىچە ) دەۋرىدىمۇ يەنىلا ساقلىنىپ قالغان ئىدى . بۇ كىتابتا نامى ئېنىق بولمىغان ئىسكەندەر ھەم مۇھەممەد ھەيدەر قوللانغان يايلاق ئەنئەنىسىگە ئوخشاش ، رىۋايەت ھەم قەھرىمانلار ھەققىدىكى رىۋايەتلەر تارىخىي باياناردىن كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن بولۇشى مۇمكىن .

موغۇل ھەم تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخچىلىرى راشىددىننىڭ ئەسىرىگە ئوخشاش ئەسەرلەرنى يازمىدى . موغۇللارنىڭ «ئالتۇننامە» سى ئوتتۇرا ئاسىيادىن بايقالدى (بۇ كىتاب جۇڭگو ھەم پارىسلار تەرىپىدىن ئەدىبىيلەشتۇرۇلگەن) . ئەمما بۇ بىر نۇقتىنى ئىسپاتلىغۇدەك ماتېرىيال يوق . راشىددىننىڭ يايلاق تۇرمۇشنى جانلىق تەسۋىرلەپ بېرىشى بۇ كىتابنىڭ تۈركلەر ئىچىدىكى نامىنى

چقىرىۋەتكەن . بىراق كىچىك ئاسىيادىكى غەربىي تۈركلەر بۇ كىتابنى تۈركىستاندىكىلەردىن بۇرۇن بىلگەن . تۈركىستاندا راشىددىننىڭ ئەسىرى بىلە ن شەرفىدىن يەزدىننىڭ تۆمۈرىيلەرگە ئائالاقىدار تارىخىي كىتابى ( ھىجرىيە 828 - يىلى ، مىلادىيە 1425 - يىلى يېزىلغان «زەپەرنامە ») تۆتىنچى قېتىم 16 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئۆزبېك خانى كۈچكۈنچى تەرىپىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلدۇرۇلغان . «ئوغۇزنامە» بىلەن راشىددىننىڭ پارسچە نۇسخىسىنى سېلىشتۇرسىلا ، كىشىلەر ئاسانلا پارىسچىنىڭ ئەسلى يازما» ، ئوغۇزنامە»نىڭ تەرجىمە ئەسەر (seng) نى خاتا ھالدا سەگ (seg) دەپ يېزىپ قويغان . بۇنى بىلەن «سۇغا چۈشۈپ كەتكەن تاش » دېگەن بۇ جۈملە « سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىت« بولۇپ قالغان ( .

خۇددى تۆمۈرىيلەر سۇلالىسى ئۆز ئەجدادلىرىنى چىڭگىزخاننىڭ ئەجدادلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگىنىگە ئوخشاش ، 14 - ئەسىردە كەڭ زېمىننى ئىگىلىۋالغان ( شىنجاڭدىن باشقا ، فەرغانە ، يەتتىسۇنىڭ جەنۇبىدىن تارتىپ ئىسسىق كۆلگىچە ) دوغلات قەبىلىسىنىڭ (تۈركلىشىپ كەتكەن موڭغۇل قەبىلىسى )ۋەكىلى ، ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى ئورتۇبۇ چاغاتاي خانىدىن بۇ زېمىنلارغا ئېرىشكەن ، دەپ بايان قىلىدۇ . ئەمما راشىددىن ، تاكى ئۇ ياشىغان شۇ زامانغىچە دوغلات قەبىلىسىدىن بىرەر نامى بار ئادەم چىقىپ باقمىغان، دەيدۇ.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى ، ئەينى چاغدىكى مەيلى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقى ياكى غەربى بولسۇن موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ تۈركلىشىپ كەتكەنلىكى . تارىخچىلار بۇ ئىككى ئەل چارۋىچى

خەلقلەرنىڭ نەسەب تەشكىلى ئەھۋالى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرمىغان . ئايرىم بىر قىسىم نەسەب نامىلىرى ئىچىدە بۇرۇنقى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ نامى ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ . تۆمۈرىيلەر دۆلىتىدە قىپچاق قەبىلىسى تىلغا ئېلىنغان ، ئەمما قارلۇق قەبىلىسىنىڭ نامى ئۇچرىمايدۇ . ئۇيغۇرلار پەقەت تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرىنىڭ تۈرك پۈتۈكچى ئەمەلدارى قاتارىدا تىلغا ئېلىنىدۇ ، ئۇلارنىڭ نەسەبى ھەم قەبىلىسى ئەسكەرتىلىدۇ ، ئەمما ئۇلار ھەم ئۇلارنىڭ قەبىلىسى ياشاۋاتقان جايلار تىلغا ئېلىنمايدۇ . راشىدىن پەقەت چىڭگىزخان چاغاتايغا بۆلۈپ بەرگەن مونتىزىم موڭغۇل ئارمىيىسىنىڭ سانىنىڭ 4000 ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ . بىراق 14 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا چارۋىچى قەۋملىرى ئىچىدە نۇرغۇن موڭغۇل قەبىلىلىرى بار ئىدى. بۇ كېيىن نۇرغۇن موڭغۇللارنىڭ تۈركىستانغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ ، ئېنىقكى ئوخشاش بىر قەبىلىدىكىلەر ئوخشاش بولمىغان رايونلارغا بۆلۈنۈپ ئولتۇراقلاشقان . ئوخشاش بىر نەسەبنىڭ نامى ھەم تۆمۈرىيلەرگە مەنسۇپ قەۋم ئىچىدە ھەم شەرقتىكى خانلىققا مەنسۇپ قەۋم ئىچىدە ئۇچرايدۇ . بۇنداق نەسەبتىكىلەردىن دوغلات قەبىلىسىمۇ بار . تۆمۈرنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىگە ئېرىشكەن ئەمىر داۋۇت (تۆمۈرنىڭ ئاچىسى كۆچلۈك تۈركەننىڭ ئېرى) مۇشۇ قەبىلىدىن كېلىپ چىققان ، بارلاس قەبىلىسى شەرقتىكى خانلىقتىمۇ بار ئىدى.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى ، چاغاتاي دېگەن بۇ ئىسىم تۆمۈرىيلەر ئېلىدىكى چارۋىچى خەلقنى كۆرسىتەتتى . گەرچە شەرقىي رايوندىكى چاغاتاينىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولغان خانلار تارىختا مۇھىم

ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ ، شەرقىي رايوندىكى چارۋىچى خەلق ئۆزىنى موغۇل ، تۇرۋاتقان رايوننى بولسا موغۇلىستان دەپ ئاتايتتى . ئوتتۇرا ئاسىيادا گەرچە موڭغۇل تىلىدىكى يادىكارلىقلاردا **Mongol** دەپ يېزىلسىمۇ ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا دىماق تاۋۇشى تەلەپپۇز قىلىنمايتتى . ئافغانىستاندا تۇرىدىغان موڭغۇللارمۇ ئۆزلىرىنى موغۇل دەپ ئاتايدۇ . ئۇلار غەربكە كۆچكەن موڭغۇللار ئىچىدىكى بىردىنبىر ئۆز تىلىنى ساقلاپ قالغانلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . موڭغۇللار ئۆزىنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چارۋىچىلىق ئەنئەنىسىنىڭ ھەقىقىي ۋەكىللىرى دەپ قارىغاچقا ، ئۇلار چاغاتايلارنى كەمسىتىپ (**karaunas** ئارىلاشما ئىرق) دەپ ئاتايدۇ . يەنە بىر جەھەتتىن چاغاتاي ئوتتۇرا ئاسىيا موڭغۇل ئېلى ئەنئەنىلىرىنىڭ ۋەكىلى دەپ قارالغان موڭغۇللارنى (**jefe**ئوغرى) دەپ ئاتايدۇ . ئەمەلىيەتتە بۇ سۆز **15** ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىنىڭ «قازاق»دېگىنىگە ئوخشاش ، ئۆز دۆلىتىنى تەرك ئەتكەنلەرنى كۆرسىتىدۇ ، شۇنداقلا ئۇلار كېيىنكىسى بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدىكى چارۋىچى قەبىلىدۇر.

**14**ـ **15** ـ ئەسىرلەردىكى موڭغۇل تىلىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدىكى موڭغۇل تىلى ئىكەنلىكىنى ، شۇنداقلا موڭغۇللار بىلەن چاغاتايلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ - قارشىلىقنىڭ موڭغۇللار بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ ـ قارشىلىق ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى بىلمەيمىز . بەزى ماتېرىياللار موغۇللار تىلىنىڭ **16** ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا يەنىلا موڭغۇل تىلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ . بابۇر ئۆز تاغىسى موغۇل ئەخمەتخاننىڭ لەقىمى ئالاچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ . بۇ سۆز

موغۇل تىلى ۋە قالماق موغۇل تىلدىكى «قاتىل، ئادەم ئۆلتۈرگۈچى » دېگەن مەنىدە بولۇپ ، بۇ بىر نۇقتا 16 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا موغۇللارنىڭ موغۇل تىلى ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

بىراق مۇھەممەد ھەيدەر موغۇللار بىلەن قىرغىزلار ئوخشاش بىر قەۋم دەيدۇ ، ئۇلار پەقەت دىن جەھەتتىن ئۆز ئارا ئوخشاش ئەمەس ( ئالدىنقىسى مۇسۇلمان ، كېيىنكىسى بولسا دىنسىز ) . بىراق ئەخمەتخاننىڭ ئەۋلادى تىل نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، تۈركلەر بولۇشقا تېگىشلىك ، ئۇنىڭ ئوغلى سەئىدخان(1533 ـ يىلى ئۆلگەن) پارسچە ، تۈركچە شېئىرلارنى يازغان . مۇھەممەد ھەيدەر مۇغۇلىستان بىلەن شىنجاڭنىڭ زېمىنىنى ئۆز ئارا ئايرىۋېتىدۇ . ئۇ موغۇلىستاننى غەربتە بالقاش كۆلى ( موغۇلىستان بىلەن ئۆزبېكىستان چېگرا ئايرىلىدىغان جاي)، شەرقتە قالماقلار رايونىغىچە ، شىمالدا ئىمىل دەرياسى بىلەن ئېرتىش دەرياسىغىچە ، جەنۇبتا پەرغانە ھەم كاشغەردىن بالقۇنغىچە بولغان شىنجاڭ رايونىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ . 16 ـ ئەسىردە موغۇللارنى قالماقلار بىلەن قىرغىزلار ئۇ رايوندىن سىقىپ چىقىرىۋەتتى ، بىراق كاشغەرىيە رايونى قېلىپ قالدى . مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا ئۇ جايدا 30 مىڭدەك موغۇل بار ئىدى ، كاشغەرىيە رايونى چارۋىچىلىق تۇرمۇشنى ساقلاپ قېلىشقا پايدىسىز بولۇپ ، 17 ـ ئەسىرگە كېلىپ خانلىق يوقالغاندىن كېيىن ، موغۇللار ناھايىتى تېزلا يەرلىك ئاھالە ئىچىگە سىڭىپ كەتتى ، ئۇلارنىڭ ئىسمىمۇ قالمىدى . جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا تىل جەھەتتىن چارۋىچى خەلق بىلەن ئولتۇراق ئاھالە ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە پەرق

قالمغان ئىدى . 11 ـ ئەسىردىكى مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىدە بار بولغان كەنچەك (« دىۋان ـ 399 ، I «بەت) سۆزىمۇ ئالىبۇرۇن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئىدى . موڭغۇللار رايوندا باشتىنلا چاغاتايلار ئېلى ئىچىدىكىدەك تۇركلەر بىلەن تاجىكلار ئوتتۇرىسىدا قارمۇ قارشىلىق يوق ئىدى . گەرچە شەرق تەرەپتىكى قەبىللەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلدا نۇرغۇن ئوخشىماسلىق بولۇپ ، ئۇ جايدىكى چارۋىچىلار ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئاز ئۇچرىغان بولسىمۇ ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت يوق ئىدى .

ئۇلۇس دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى كەڭ بولسىمۇ ، لېكىن ئەل بىلەن تۇمەن (ئېنىقكى موڭغۇل تىلىدىكى ئايماق دېگەن سۆزمۇ بار( مۇ . ئوخشاشلا مەنىگە ئىگە ئىدى . «تۇمەن»دېگەن سۆزنىڭ «كۆپ ، ئون مىڭ»دېگەن مەنىلىرى بار بولۇپ ، ئۇنى تۇركلەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالىنىڭ تىلىدىن قوبۇل قىلغان . «تۇمەن» دېگەن بۇ سۆز چارۋىچىلار بىلەن ھەربىي قوشۇندىن كۆرە ، كۆپرەك ئولتۇراق ئاھالىنى كۆرسىتىدۇ . مۇھەممەد ھەيدەر كاشغەر ، خوتەن رايونلىرىدا ① : تۇمەن ـ دېھقانلار ② قاۋچىن ـ قوشۇن ③ ئايماق چارۋىچىلار ④ ئەمەلدار ھەم ئۆلىمالاردىن ئىبارەت تۆت دەرىجىمۇ بار ، دەپ بايان قىلىنىدۇ . تۇمەن دېگەن بۇ سۆز يېقىنقى زاماندا بۇخارادا كۆپىنچە تۇزلەڭلىكتە ياشىغۇچى ئاھالىنى كۆرسەتكەن بولۇپ ، ئۇ تاغلىق رايوندا ياشىغۇچى ئاھالە (kuhistani) دېگەن سۆز بىلەن قارمۇ ـ قارشى قوللىنىلغان .

شەھەرلەرنى ياقتۇرماسلىق مۇغۇلستاندا غەربىي قىسىمدىكىگە قارىغاندا

كۆچلۈك ئىدى . 15 ـ ئەسرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تۆمۈرىيلەرنىڭ ۋارىسلىرى سەمەرقەند ھەم ھىرات شەھرىدە بىناكارلىق بىلەن نام قازىنىۋاتقان ۋاقىتتا ، موغۇللاردىن بولغان يۇنۇسخان يۇقىرالىرىنىڭ قارشىلىقى تۈپەيلى ئاقسۇ شەھرىدە تۇرۇش ئويىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولدى . گەرچە ئەينى چاغدا كېيىنكى «مۇغۇلىستان بىلەن سىلىشتۇرغاندا بىر شەھەر ھىسابلانىسمۇ » ، بىر قانچە يىلدىن كېيىن ، يۇنۇسخان سايرام بىلەن تاشكەنتنى ئىگىلىۋېلىپ ، ئۇ جايدا تۇرغاندىن كېيىن (تاشكەنتتە ئۇنىڭ مازىرى بار) ، ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەد بىر بۆلەك موغۇللار بىلەن ئۇنىڭدىن ئايرىلدى . ئەخمەد ئاتىسىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ ، ئۇ باشتىن ـ ئاخىرى بىر يايلاق جەڭچىسى ئىدى 1502 . ـ يىلى ئۇنىڭ جىيەنى بابۇر ئۇنى ئۇچراتقاندىمۇ ، ئۇ ئوخشاشلا شۇنداق ئى

ئون ئىككىنچى لېكسىيە) ئەسلى كىتاب223 ـ 247 ـ بەت(

تۆمۈرىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى دەۋرىدە ،تۈرك ئەدەبىياتى ناھايىتى زور دەرىجىدە يۈكسەلدى . چاغاتاي خانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىلا تۈركچە شېئىرلار يېزىلغان ئىدى . دەۋرىش كابۇل شاھ(1336 ـ يىلى ئۇ خان قىلىپ تەختكە يۆلەپ چىقىرىلغان . بىراق كېيىن يەنە قالدۇرغان) شېئىر يازغان بولۇپ ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى 15 ـ ئەسىردىمۇ يەنىلا داڭلىق ئىدى . ئۇ چىڭگىزخاننىڭ كېيىنكى ئەۋلادى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئانا تىلى تۈركچە ئىدى ، شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئېنىقكى تۈرل تىلدا يېزىلغان . تۆمۈرنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن ئەمىر سەيفىدىن بارلاس پارىسچە ، تۈركچە شېئىرلارنى يازغان .تۆمۈر ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن

تېخمۇ داڭلىق شائىرلاردىن سەككاكى ، لۇتفى قاتارلىقلار مەيدانغا كەلگەن . كىلاسسىك شائىر نەۋائى لۇتفىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن (1927 ـ يىلى نەۋەئى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 500يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي ماقالىلىرى توپلىمى «مىسر ئەلشىر ، «لېنگراد ، 1928 ـ يىلى ، ساملىيوۋچنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى . ( «سەككاكى شېئىرلىرىدا سەمەرقەندنىڭ ھۆكۈمرانى تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى خەلىل سۇلتان ـ 1409 ـ 1405)يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) نى مەدھىيىلىگەن . ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلۇغبەكنى تېخمۇ كۆپ مەدھىيىلىگەن ئىدى . ئۇ ئۇلۇغبەككە ئاتاپ يازغان بىر شېئىرىدا تۈرك شائىرلىرىدىن بولغان ئۆزى ھەققىدە توختاپ : «ماڭا ئوخشاش تۈرك شائىرى ھەم سىزگە ئوخشاش ئالىم شاھ تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىمۇ ، كائىنات ئۆز ئوقىدا ئايلىنىۋەرگەن « دېگەن . لۇتفىمۇ ئۆز شېئىرلىرىنىڭ ئۇلۇغبەكنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەنلىكىنى بايان قىلدۇ . ئۇلۇغبەك ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ـ 14 ئەسىردىكى پارىس شائىرى سالمان ساۋاجىنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە ئىدى ، دەيدۇ . شاھرۇخ شاھ ھەم ئۇلۇغبەك دەۋرىدىمۇ تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان تۈك شائىرى سەيىد ئەخمەت ئىبنى مىران شاھ ياشىغان . ئۇ ھىجرىيە 839 ـ يىلى ، مىلادىيە 1435 ـ 1436 ـ يىلى «تەئەششۇقنامە» يېزىپ شاھرۇخ شاھقا ھەدىيە قىلغان . ئەسەرنىڭ ئىسمىدىن قارىغاندا ، بۇ شېئىر بەزى تەرەپلەردىن 14 ـ ئەسىردىكى ئالتۇن ئوردا خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان شائىر خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە» سىگە تەقلىد قىلىپ يېزىلغان . تۆمۈرىيلەر

سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى ، يەنى 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 16 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا بابۇر) مىران شاھنىڭ يەنە بىر ۋارىسى) تۈرك تىلىداداڭلىق تارىخىي ئەسەر «بابۇرنامە» نى يازدى . بابۇرنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا ، ئۇنىڭ ئىنىسى بايسۇنقار (ئۇزۇن مەزگىلگىچە سەمەرقەندگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان) مۇ نامى بار شائىرلاردىن ئىكەن . 15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ياشىغان نەۋائى بارلىق چاغاتاي شائىرلىرىنى بېسىپ چۈشتى . پەقەت نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرىلا يىراق تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىنىڭ دائىرىسىگە تارقىلىپ نام قازانغان ئىدى . بابۇرنىڭ ئەسەرلىرى گەرچە ناھايىتى قىممەتلىك بولسىمۇ ، بىراق ئاز ساندىكى نۇسخىلىرىلا ساقلىنىپ قالغان ، پەقەت ياۋروپا ئالىملىرى بايقىغاچقىلا ئۇ ئۇنتۇلۇپ كەتمىگەن خالاس.

نەۋائى پارس مەدەنىيىتىنىڭ قوغدىغۇچىسى . ئۇ پارسچە تېمىلارنى تۈرك شېئىرلىرىغا كۆچۈرۈپ كەلدى . ئۇ ھەتتا پارس خانلىرىنىڭ تارىخىنىمۇ يازغان . ئۇ تۈرك شېئىرلىرى ھەم تۈرك تىلىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ ، بىر كىتابىدا تۈرك تىلىنىڭ پارس تىلىدىن ئەۋزەللىكىنى ئىسپاتلىغان . بۇ بىر نۇقتىنى ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ھېچقانداق بىر تۈرك شائىرى تىلغا ئالمىغان.

قازاقلار 15 ـ ئەسىردىكى ئۆزبېكلەرنىڭ خاندىن ئايرىلىپ كەتكەن بىر قىسىم ئۆزبېكلەردىن شەكىللەنگەن . قىرغىزلارنىڭ قاچانلاردا ھازىرقى تۇرۇۋاتقان ئورنى يەتتىسۇنىڭ جەنۇبى ھەم سىر دەرياسىنىڭ شەرقىنى ئىگىلىۋالغانلىقى نامەلۇم . تۆمۈر بىلەن ئۇلۇغبەگنىڭ يۈرۈشلىرىگە ئالاقىدار خاتىرىلەردە قىرغىزلار تىلغا ئېلىنمىغان . يەتتىسۇ رايونىدا ئۇلار

تۆنجى قېتىم 16 ـ ئەسىردە تىلغا ئېلىنغان . 16 ـ ئەسىردە قىرغىزلار
دائىم قازاق خانلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ، كاشغەرىيەدىكى ئاللىبۇرۇن
تۈركلىشىپ بولغان مۇڭغۇل خانلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلاتتى .
17 ـ 18 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئۇلار بىر تەرەپتىن قالماق موڭغۇللىرى
بىلەن ئۇرۇش قىلاتتى . كېيىنكىسى بىر مەزگىل ئوتتۇرا ئاسىياغا
مەنسۇپ بولغان . 18 ـ ئەسىردە قالماقلار قازاقلارغا مەنسۇپ تاشكەنت ،
سايرام ھەم تۈركىستان قاتارلىق شەھەرلەرنى بېسىۋالدى.
ـ17ئەسىردە قالماقلار شىنجاڭنى بېسىۋالدى ، ئۇيەرگە بۇرۇن ئۆزلىرى
موغۇل دەپ ئاتىشىۋالغان تۈركلەشكەن مۇڭغۇل خانلىرى ھۆكۈمرانلىق
قىلاتتى . موغۇل دېگەن بۇ ئىسىم تۆمۈرىيلەر خانلىقىدىكى چاغاتاي
دېگەن ئىسىمغا ئوخشاش دۆلەت ئىچىدىكى ئومۇمىي خەلقنى
كۆرسەتمەستىن ، پەقەت ھەربىيلەر قاتلىمىنى كۆرسىتەتتى . سىياسىي
شارائىتلاردا ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىن ، بۇ سۆزمۇ چاغاتاي دېگەن
سۆز غەربىي تۈركىستاندا ئىشلىتىلمىگەچكە ئوخشاش تەدرىجىي
ئىشلىتىلمىدى . قالماقلار ھەم كېيىنكى جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىقى
ئاستىدا ، شىنجاڭدىكى تۈركلەر ئۆزىنىڭ مىللەت نامىنى ئىشلەتمىدى .
ھەر قايسى جايلاردىكى يۇقرالار ئۆز شەھەرلىرى ياكى ئۆزى
تۇرۇۋاتقان جاي نامىنى قوللاندى . مەسىلەن ، كاشغەرلىك ،
تۇرپانلىق دېگەنگە ئوخشاش . يەرلىك مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلار خەنزۇ
تىلىدىكى «ۋاڭ»«ئاتالغۇسىنى قوللاندى . ئۇنىڭدىن باشقا ، موڭغۇللار
دەۋرىدىن باشلاپ دىنىي رەھبەر بولغان خوجىلار (پەرغانىدىن ، بولۇپمۇ
پەرغانىنىڭ شىمالىدىكى تاجىكلاردىن كەلگەن ) بارغانسېرى مۇھىم

سىياسىي مەنگە ئىگە بولۇپ قالدى.
بەزىلەر خوجىلارنى شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى تارقاتقۇچىلار دەيدۇ ، بىراق تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇنداق خاتىرىلەر يوق . ئەكسىچە ، ئىسلام دىنى شىنجاڭدا 15 ـ ئەسىردىلا ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا ئىدى . موڭغۇل نەسەبلىك خانلار قىزغىنلىق بىلەن ئىسلام دىنىنى تارقاتقان ، بەزىدە ھەتتا زورلاش ۋاستىلىرىنى قوللانغان.
شىنجاڭدا ، پارىس تىلى بەزى جايلاردا يەرلىكنىڭ كىتابى تىلى قاتارىدا ئىشلىتىلگەن . مۇھەممەد ھەيدەر (16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا) نىڭ مەشھۇر تارىخىي ئەسىرىمۇ پارىس تىلىدا يېزىلغان . ياۋروپالىق تەتقىقاتچىلارنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا ، بۇ شىنجاڭدا يېزىلغان بىردىن بىر چوڭ ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن . كېيىن بۇ ئەسەر تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنغان . 18 ـ ئەسىردىن باشلاپ تۈركىي تىلى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا ئۆتۈپ كىتابى تىل قىلىپ قوللىنىلغان ، بىراق ھېچقانداق داڭلىق ئەسەر مەيدانغا كەلمىگەن.
گەرچە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەزەلدىن كاشغەرىينىڭ غەربىدىكى رايونلارغا ئۆتمىگەن بولسىمۇ ، شىنجاڭدىكى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بۇ مىللەتنى ئۇيغۇر دەپ ئاتاشقا مايىل . قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى ھازىر گەنسۇدا ئولتۇراقلاشقان . بۇددا دىنىغا ئېتقاد قىلىدۇ . قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتىدۇ (بۇ يېزىقنى 15 ـ ئەسىردىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان تۈركلەر ئۇنتۇپ كەتكەن. )
.



请在这里输入正文内容.........